*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ئاممۋىي ـ سىياسىي گېزىتى

Общественно - политическая газета
Общественного объединения уйгуров
"Иттипак" Кыргызской Республики

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 7 (885), июль, 2021 г.

2021-يىل، چىللە 7 ـ سان (885)

-Газета издается с марта 1994 года

## В НОМЕРЕ:



*Диний әркинлик мукапатиниң саһиби* *4-бәт*



Вәтән дәвасиниң актив күрәшчиси 11-бәт




*Люди в белых халатах* *Стр.12*



*Муқамшунас Аманнисахан* *14-бәт*



*У қәлбимиздә мәңгү яшайду* *15-бәт*

# *Открылись XXXII летние Олимпийские игры*

# XXXII يازلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى ئېچىلدى




23 июля 2021 года состоялась торжественная церемония открытия XXXII летних Олимпийских игр. 126-й император Японии Нарухито объявил, что летние Олимпийские игры 2020 года в Токио открыты!

XXXII летние Олимпийские игры состоятся в японской столице Токио с 23 июля по 8 августа 2021 года. Это крупнейшие в мире спортивные соревнования, в которых приняли участие около 11 тысяч спортсменов более чем из 200 стран. Токийские Игры должны были пройти летом 2020 года, но были отложены ровно на год из-за пандемии. При этом все равно было решено оставить название «Олимпиада-2020».

На церемонии выступил президент МОК Томас Бах, который заметил, что сегодняшний день - момент надежды. Он призвал ценить этот момент, потому что, наконец, все здесь, вместе.

«Это объединяющая сила спорта. Мы можем быть здесь все вместе только благодаря вам, наши милостивые хозяева - японцы, которым мы хотели бы выразить всю нашу признательность и поддержку», - сказал он. Отметим, Кыргызстан на играх представляют 16 спортсменов, которые сумели завоевать лицензии на главные состязания четырехлетия. Флаг страны несли пловец Денис Петрашов и стрелок Каныкей Кубанычбекова.

Спортсмены готовились к соревнованиям в очень тяжелых условиях. И эта Олимпиада показывает настоящую силу духа каждого причастного к этому событию.

**Kaktus.media**

2021 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، 32 ـ يازلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ياپونىيەنىڭ 126 ـ ئىمپېراتورى نارۇختو 2020 ـ يىلى توكيودا ئۆتكۈزۈلىدىغان يازلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ ئوچۇق ئېكەنلىگىنى ئېلان قىلدى! XXXII يازلىق ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسى 2021 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە ياپونىيەنىڭ پايتەختى توكيودا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىسى بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن كەلگەن 11 مىڭ تەنھەركەتچىنىڭ قاتنىشىدىغانلىغى مۆلچەرلەنمەكتە. توكيو تەنھەركەت مۇسابىقىسى 2020 ـ يىلى يازدا ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئېدى، ئاما تارقىلىشچان كېسەل سەۋەبىدىن دەل بىر يىل كېچىكتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنىلا «ئولىمپىك ـ 2020» نامىنى ساقلاپ قېلىش قارار قىلىندى.

خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى توماس باخ سۆز قىلىپ: «بۇ تەنھەركەت مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان كۈچ. بىز ھەممىمىز بىرلىكتە بۇ يەردە بولالايمىز، شەپقەتلىك ساھىبخانىلىرىمىز ـ ياپونلار، بىز ئۇلارغا بارلىق مىننەتدارلىغىمىزنى ۋە قوللىغانلىغىمىزنى بىلدۈرىمىز » دېدى.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، قىرغىزستان بۇ ئويۇنلارغا تۆت يىلدىكى ئاساسلىق مۇسابىقىلەردە ئىجازەتنامە ئالالايدىغان 16 تەنھەركەتچى ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ بايرىغىنى سۇ ئۈزۈش ماھىرى دېنىس پېتراشوۋ ۋە مەرگەن كانىكېي كۇبانچبېكوۋا كۆتۈرۈپ بارى.

تەنھەركەتچىلەر ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلاتتى. ھەمدە بۇ ئولىمپىك مۇسابىقىسى بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان ھەممەيلەننىڭ روھىنىڭ ھەقىقي كۈچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**كاكتۇس ـ مېدىيە تورى**

# Укрепляются связи и взаимосотрудничество



Встреча в КТУ Манас

Недавно, на Курбан байрам к нам прие-хал со своей миссией гражданин Германии господин Реджеп Атеш, который является представителем благотворительного фонда «Восточный Туркестан», который возглавляет Абдужелил Каракаш. Также Реджеп Атеш является представителем Фонда Турецкой Федерации в Германии.

Это не первое его посещение к нам, в Общество уйгуров «Иттипак» КР. Помимо благотворительной помощи в честь праздника Курбан-байрам Реджеп Атеш вместе с председателем Общества «Иттипак» Аскаром Касымовым, с председателем турецкой диаспоры «Ахыска» Атамшах Дурсуновым и экс-председателем Общество «Иттипак» Артыком Ходжиевым посетили Кыргызско-Турецкий университет «Манас», где встретились с ректором, профессором Алпаслан Жейланом. В ходе встречи председатель Общества «Иттипак» Аскар Касымов поздравил ректора со священным праздником жертвоприношения, поблагодарил за содействие в приеме в обучении наших абитуриентов в Кыргызско-Турецкий университет «Манас» и пожелал больших успехов ректору в его деятельности в сфере образования. В свою очередь ректор подчеркнул, что он всегда рад тесному сотрудничеству с Обществом уйгуров «Иттипак». Также в этот же день состоялось встреча с руководством ТИКА (Турецкое агентство по сотрудничеству и координации при Аппарате Премьер-министра Республики Турция) во главе с программным координатором ТИКА в Кыргызстане Усманом Оста. На данной встрече обсуждались вопросы о совместном сотрудничестве и социального направления.



Встреча в офисе ТИКА

**Абдурахим Хапизов**

# Курбан айт-праздник единения, доброты и толерантности

Под таким заголовком первого дня Курбан байрама - 20 июля сего года на первом канале радио КТРК в прямом эфире состоялась интервью-дискуссия, посвященная празднику Курбан айт и об истории празднования данного праздника. В данный радиопередаче прямого эфира приняли участие нижеследующие представители этно-культурных центров Ассамблеи народа Кыргызстана: Абдурахим Хапизов - заместитель главного редактора газеты «Иттипак» Общественного объединения уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики, историк, магистр политических наук; Лерон Сайдашев-член Совета аксакалов Общественного объединения Татарско-Башкирский культурный центр «Туган тел», врач-инфекционист; Нурсултан Бейшебаев - председатель молодежного крыла Ассамблеи народа Кыргызстана и автор этих строк.




Поздравив радиослушателей с большим праздником Курбан айт участники-гости радиопередачи ответили на ряд вопросов, подробно остановились о значении празднования Курбан айта вообще, роли исламской религии как культуры в деле воспитания подрастающего поколения в частности.

В ходе интервью-дискуссии были обсуждены и другие вопросы, касающиеся единения и толерантности между народами нашей Республики, и прежде всего вопросы воспитания подрастающего поколения.

***Зухра Шидакова,***

зам. председателя Совета АНК, председатель Общественного обединения «Международная ассоциация карачевцев «Ата Джурт».

# Қирғизстан уйғурлири Германиядики уйғур-түрк тәшкилатлириниң қурбанлиқ ярдимини тапшуруп алди

Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити көп жиллардин буян улуқ Қурбан һейит байримида сахавәтлик ишларни елип бармақта. Бу жиллиқ қурбан һейт мәзгилидә «Иттипақ» җәмийитиниң башчилиғида Қирғизстанниң Чу вилайитидики йезиларда олтурақлашқан 400 ошуқ муһтаж аилиләргә қурбанлиқ гөш тарқитилди. Бу жиллиқ қурбанлиқлар Дуния уйғур қурултейи, Германиядики Түрк федератсияси вә Германиядики Шәрқий Туркистан учур мәркизидин әвәтилгән.

Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Әскәр Қасимов зияритимизни қобул қилип, «Иттипақ» җәмийитиниң қурбанлиқ тарқитиш сахавәтлик ишлириниң он жилдин буян давам қиливатқанлиғини тилға елип, мошу саһавәтлик ишларни уюштуруватқан Германиядики Шәрқий Туркистан фондиниң рәһбири Абдужелил Қарақашқа вә бу фондниң вәкили Рәджеп Атешка, шундақла Германиядики Түрк Федерацияси фондиға өзиниң миннәтдарлиғини изһар қилди.

Дуния уйғур қурултейиниң Қирғизстандики вакаләтчиси Розимуһәммәт Абдулбақи зияритимизни қобул қилип, қурбанлиқларни әвәткән Дуния уйғур қурултейиға вә Германиядики Түрк Федерацияси Фондиға өзиниң тәшәккүрини билдүрди . У корона вируси вабаси сәвәплик иқтисад төвәнләп, кишиләрниң турмуши начарлишип қалғанлиғини, әмма чәт әлләрдики қериндашларниң һәр жиллиқ һейтайәмләрдә өзлиригә ярдәм қолини сунуватқанлиғини баян қилди.

Қурбанлиқ тарқитиш үчүн Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити мәхсус бир Комитет қурди. Бу Комитет көп жиллардин буян сахавәтлик ишларни илгири сүрүп кәлмәктә. Дәсләп йезилардики жигитбешилири тәрипидин житим-мискинләрниң тизимлиги тәйярлиниду, андин қурбанлиқ қой вә кала тәйярлиниду, кейин пакиз кушханилар таллинип, қурбанлиқ кесилиду. Парчилинип тәйяр болған қурбанлиқларни дәсләп йезиларға, андин шәһәрләрдики жигитбешилири арқилиқ мәһәллиләргә тарқитилиду.

Қирғизстан Оттура Асиядики уйғурлар бир қәдәр көп вә зич олтурақлашқан мәмликәт болуп, бу әлдики уйғурлар өзлириниң миллий вә диний әнъәнилирини яхши сақлап кәлмәктә. Һазир Қирғизстанда һөкүмәтниң санлиқ мәлумати бойичә 60 миң әтрапида уйғурлар яшайду. Әмма, уйғурлар өзлири болса уйғур нопусиниң бунидин көп екәнлигини ейтишмақта.

**Ферузә**

**Иттипак**

**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىيېۋا

**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
*Акбаржан Баудунов* ئەكبەرجان باۋۇدۇن
*Абдурахим Хапизов* ئابدۇرەخىم ھاپىزى

**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
*Музаппархан Курбанов* مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
*Мухаммеджан Ясынов* مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
*Осман Турдиев* ئۇسمان تۇردىيېۋ

**Дизайнер - верстальщик:** دىزاينېرى - ۋېرستالشىكى:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىيېۋا

**Набор текста:** تېكستنى نابور قىلغان:
*Зайтуна Рузиева* زەيتۇنەم رۇزىيېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىئاللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**

ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى

**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**

**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №1155, тираж 3300**

**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78 инд. :720040**

**Тел.: 62-04-50 66-40-04**

# Қирғизстан уйғурлири «5-июль Үрүмчи қирғинчилиғи» ниң 12 жиллиғини хатирлиди







**5-июль** күни Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити вә Дуния уйғур курултейиниң Қирғизстандики вакаләтчиси Розимуһәммәт Абдулбақиевниң уюштуруши билән Бишкәк шәһиридә «5-июль Үрүмчи қирғинчилиғи» ниң 12 жиллиғини хатириләш паалийити өткүзүлди.



Әпсуски, корона вируси вабаси сәвәплик коллектив паалийәтләргә көп киши қатнишалмайдиған болғачқа, Бишкәктә өткүзүлгән бу қетимлик паалийәткә Бишкәк шәһири вә униң әтрапидики йезилардин болуп 50 кә йеқин уйғур җамаити ниң вәкиллири қатнашти.



Мурасим Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Әскәр Қасимовниң риясәтчилигидә елип берилди. Риясәтчи «Үрүмчи қирғинчилиғи» ни хатириләш паалийити башлиниши билән жиғин қатнашқучилириға салам йоллап, уларға өз рәхмитини билдүрди, андин вәтәнниң азатлиғи вә мустәқиллиғи йолида қурбан болған шеһитларға атап хәтмә-қуръан оқулди.



Мәзкур хатириләш паалийити давамида пәлсәпә пәнлириниң намзити Әкбәрҗан Бавдун асаслиқ докладни оқуп өтти. У докладида «Үрүмчи қирғинчилиғи» ниң келип чиқиши тоғрисида тәпсилий мәлумат бәрди. У «5-июль қирғинчилиғи» уйғурлар тарихидики қара күн болсиму, әмма әйни вақитта бу вақиә уйғур мәсилисиниң җиддийлиғини дуния җамаәтчилигигә тонутуп, хәлиқараниң диққитини уйғурлар вәзийитигә қаратқанлиғини тәкитләп өтти.

Паалийәт давамида Дуния уйғур курултейиниң Қирғизстандики вакаләтчиси Розимуһәммәт Абдулбақиев мошу еғир күнләрдә Хитай һөкүмитиниң зулум сәяситидин азап чекиватқан қериндашларни әсләп өтти. Розимуһәммәт әпәнди йәнә бүгүнки күнләрдә хитай даирилириниң уйғурларға қарита қирғинчилиқ сәясити барғансери күчийип бериватқан болсиму, лекин Дуния уйғур курултейи қатарлиқ чәт әлләрдики уйғур тәшкилатлириниң хәлиқара сәһнилpoints



сәһнилиәрдики паалийәтлириниң күндин-күнгә күчийип бериватқанлиғини алаһидә тилға алди. У йәнә Әнглия пайтәхти Лондон шәһиридә болуп өткән «Уйғур сот коллегияси» ниң тунҗи нөвәтлик испат аңлаш жиғини тоғрисида мәлумат бәрди.



Уйғурлар әң көп олтурақлашқан Новопокровка йезисиниң жигитбеши Ғәйрәт Җаһанов зияритимизни қобул қилип, бу хил паалийәтләрниң Қирғизстанда яшаватқан уйғур яш-өсмүрлирини миллий роһ вә вәтәнпәвәрлик туйғуси билән тәрбийәләштә муһим әһмийәткә егә екәнлигини билдүрди.

Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити Аяллар комитетиниң рәиси Турсунай Ислам зияритимизни қобул қилип, бүгүнки күнләрдә уйғур хәлқиниң өз келәчиги үчүн бирлик вә өмлүк билән һәрикәт қилиши лазимлиғини тәкитләп өтти.

Нөвәттә Қирғизстан уйғурлири имканийитиниң йетишичә уйғур тарихидики зор вақиәләрни хатириләп, келәчәк әвлатларни вәтәнпәрвәрлик роһида тәрбийәләшкә тиришмақта. Шундақла, уйғур тили, миллий кимлиги, өзигә хас мәдәнийити вә миллий тарих туйғусини сақлап қелиш үчүн түрлүк паалийәтләрни уюштуруп кәлмәктә.

**Ферузә.**

***Абдурәхим Һапизиниң***
фотолири

# *Қазақстан уйғурлири «5-июль Үрүмчи вақиәси» қурбанлирини яд әтти*

4-июль күни Алмута шәһириниң Султанқорған мәһәллисидә орунлашқан мечиткә җәм болған уйғурлар 2009-жили, 5-июлда Үрүмчидә йүз бәргән қанлиқ вақиәниң 12 жиллиғини хатирилиди. Мурасим Дуния уйғур курултейиниң Қазақстандики вәкиллири тәрипидин уюштурулди. Униңға Алмута шәһири вә униң әтрапидики йезилардин кәлгән вәкилләр, жут-җамаәтчилик активлири, зиялийлар, яшлар болуп, йүздин ошуқ адәм қатнашти.



Мурасимға риясәтчилик қилған Дуния уйғур курултейиниң Қазақстандики вәкиллириниң бири Рәһимҗан Мәнсуров дунияниң һәр қайси мәмликәтлиридә яшаватқан уйғурларниң намайишлар қилип, Хитайниң уйғур елидики «ирқий қирғинчилиқ» сәяситини қаттиқ әйипләватқан бир вақитта Қазақстандики уйғурларниң Қазақстан қанунлириға әмәл қилған һалда, әркинлик, азатлиқ үчүн қурбан болғанларға атап хатириләш паалийәтлирини өткүзүп келиватқанлиғини оттуриға қойди. У бу қетимқи паалийәтниң мәмликәт бойичә корона вируси вабаси вәзийитиниң кәскинләшкән бир вақтиға тоғра кәлгәнлигидин көп адәм топлашқа болмайдиғанлиғини вә барлиқ бехәтәрлик чарилирини сақлашни агаһландурди.

Дәсләптә диний зат Мәһәммәтҗан һаҗим Үрүмчи қанлиқ паҗиәсидә қурбан болғанларға беғишлап қуръан-тилавәт қилди.

Андин сөзгә чиққан сәясәтшунас Қәһриман Ғоҗамбәрди мәзкур мурасимниң Дуния уйғур курултейи Иҗраийә комитети рәисиниң орунбасари Әркин Әхмәтовниң көрсәтмилиригә қаттиқ риайә қилинған һалда өтүватқанлиғини тәкитлиди. У Хитай коммунист һакимийитиниң 72 жил мабәйнидә уйғур елидә пәкәтла бастуруш сәясити жүргүзүп кәлгәнлигини билдүрди.

Қәһриман Ғоҗамбәрди 2009-жили Үрүмчи вақиәсиниң келип чиқиш сәвәплири вә маһийити һәққидә тәпсилий тохталди. У Америка башлиқ дунияниң алдинқи қатаридики мәмликәтлириниң, бәзи хәлиқара тәшкилатларниң, дөләт әрбаплириниң, зиялийларниң уйғур мәсилисигә алаһидә диққәт бөлүватқанлиғини, бу җәһәттә Долқун Әйса рәһбәрлигидики Дуния уйғур курултейи вә уйғур тәшкилатлириниң көплигән иш-паалийәтләрни жүргүзүп келиватқанлиғини, һазир уйғур мәсилисиниң хәлиқара сәһнигә чиққанлиғини илгири сүрди. У йәнә мошундақ бир вәзийәттә Қазақстан уйғурлириниң алдида турған мәсилиләр һәққидә тохтилип, Қазақстан һөкүмити яритип бериватқан мумкинчиликләрдин пайдилинип, барлиқ күчини миллий маарипни сақлап қелишқа, мәдәнийәтни риваҗландурушқа, заман тәливигә лайиқ яш әвлатларни тәрбийәләш ишлириға сәрп қилиш лазимлиғини тәкитлиди.

Хатириләш мурасимида сөзгә чиққан сабиқ миллий армия җәңчиси Нурмуһәммәт Садиқов Хитайниң уйғур зиминини зор қураллиқ күч вә мутиһәмлиги билән бесивалғанлиғини әсләп, униң бүгүнки күнгә қәдәр тәқипләш сәяситини жүргүзүватқанлиғини билдүрди. У уйғурларниң әзәлдин өз мәмликәтлирини қуруп кәлгәнлигини, бүгүнки күндә вәтән дәвасиниң, мустәқиллик, әркинлик мәсилисиниң биринчи орунда туруш керәклигини оттуриға қойди.

Алмута шәһириниң турғуни, тиҗарәтчи Турсунай Тейипова ханим мундақ деди: «Биз бүгүн 2009-жили Үрүмчидә болуп өткән намайишта наһәқ қирилған уйғур хәлқимизни хатириләш күнигә жиғилип олтуримиз. Бүгүн жиғин наһайити яхши өтти. Арман бирла-вәтән азатлиғи.»

Зияритимизни қобул қилған Дуния уйғур курултейиниң Қазақстандики вәкиллириниң бири Рәһимҗан Мәнсуров әпәнди мундақ деди:



«Нәзирдә 2009-жили, Үрүмчидә йүз бәргән қанлиқ паҗиә, шуниңда тинчлиқ намайишқа қатнашқан яшлиримизниң, анилиримизниң, балилиримизниң қәһриманлиғи, бүгүнки уйғур вәзийити, хәлиқара вәзийәт тоғрилиқ көплигән пикирләр ейтилди. Сөзгә чиққанлар Хитай һөкүмитиниң уйғур вә башқиму аз санлиқ милләтләргә қаратқан ирқий қирғинчилиқ сәяситини қаттиқ әйиплиди.»

Мурасимдә сөзгә чиққан атақлиқ шаир Абдуғопур Қутлуқов, Алмута шәһириниң турғуни Арупҗан Турсуновлар 2009-жили, Үрүмчи вақиәсигә бағлиқ өз әслимилирини оттуриға қойди. Шуниңдәк «Тиничлиқ дунияси» Қазақ иҗадий бирләшмисиниң президенти Абен Нурманов, Түркиядин кәлгән меһманлар Хәйрулла Әфәдигил, Турсун Сүйдүң, шундақла қазақстанлиқ уйғур паалийәтчилири, жигитбешилири вә башқилар өзлириниң уйғур дәваси, миллий кимлик һәққидә қарашлирини оттуриға қоюп, мәзкур мурасимни уюштурғучиларға миннәтдарлиқ билдүрди.

**Ойған**
2021-07-05

www.uyghurkitap.com



## Тунжи нөвәтлик «Ноттрдам диний әркинлик мукапати» Нури Түркәлгә берилди



Американиң Индиана штатиға жайлашқан Ноттрдам университетиниң қанун институти 2020-жили «Диний әркинлик тәшәббуси» қурулушини башлиған болуп, диний етиқадларниң әркин давам қилиши һәмдә қоғдилишини мәқсәт қилиду. Мәзкур қурулуш өз нөвитидә «Ноттрдам диний әркинлик мукапати» тәсис қилған болуп, диний әркинликни һемайә қилиш йолида көрүнәрлик хизмәт қилған шәхсләргә берилидиғанлиғи бәлгиләнгән еди. Бу мукапатниң тунжи қетимлиқ жилда бир қетим өткүзүлидиған диний әркинлик муһакимә жиғинида 28-июнь күни Америка хәлиқара диний әркинлик комитетиниң муавин рәиси Нури Түркәлгә тәқдим қилинғанлиғи муһажирәттики уйғурларни толиму хошал қилған бир вақиә болди.

Бу қетимки мукапат тарқитиш мурасими икки күн давам қилидиған «2021-жиллиқ диний әркинлик жиғини» ниң бир қисми болуп, Нури Түркәлгә тунжи қетимлик «Ноттрдам диний әркинлик мукапати» ниң берилиши жиғинда көп қетимлап тилға елинған диний етиқадниң дәпсәндә болуши һәмдә уйғурларға дуч келиватқан иркий қирғинчилик мәсилиси билән зич бағлинип кәткән еди.

Ноттрдам университети саһибханлиғида ечилған икки күнлүк муһакимә жиғиниға католик дини саһәсидики даңлиқ шәхсләр, мәшһур чирколарниң диний йетәкчилири, «Нью-Йорк вақти», «Дөләтлик аммивий радио» қатарлиқ даңлиқ әхбарат васитилириниң мухбирлири, һәркайси университетларниң профессорлири қатарлиқ көплигән шәхсләр иштирак қилған. Ғәрб дуниясидики пул-муамилә, иқтисад вә сәясий саһәләрдә, жүмлидин Америка һөкүмәт саһәсидә католик дини мухлислириниң көрүнәрлик салмақни егилишидәк реаллиқму бу қетимки муһакимә жиғинида уйғурлар дуч келиватқан диний етиқад әркинлигини жинайәтләштүрүш қилмишини техиму көп саһәниң чүшинишигә түрткә болған. Бу қетимки муһакимә жиғини алди билән диний тилавәт һәмдә инсанларниң һәмдәмлигигә болған дуалар билән башланған. Болупму мәзкур институтниң мудири, профессор Маркус Колниң умумий дуасидин кейин Ноттрдам университетиниң профессори Махан Мирза «Қуръан кәрим» қираити арқилиқ ислам дининиң әслидинла диний әркинликни қоғдашни тәшәббус қилидиғанлиғини жанлиқ намайән қилип бәргән.

Жиғинниң ахирқи басқучи 2021-жиллиқ «Ноттрдам диний әркинлик мукапати» ни тарқитиш мурасими болди. Бу басқучта мукапат тарқитиш мурасими билән кәчлик тамақ бирләштүрүлгән еди. Болупму, мукапат тарқитиш мурасимида чоң экранда қоюлған Нури Түркәл һәққидики қисқа фильмдә Нуриниң шәхсий кәчүрмишлиригә бирләштүргән һалда уйғур жәмийити баштин кәчүргән еғир қисмәтләр қисқа вә ихчам шәкилдә баян қилинди.

Мукапат тарқитиш мурасимидин кейин Нури Түркәл бу һәқтики зиярәтимизни қобул қилип, уйғурларға мошундақ бир мукапатниң тәқдим қилиниши буниңдин кейинки уйғур дәваси үчүн техиму ижабий бир қәдәм болидиғанлиғини билдүрди.

Мәлум болушичә, «Диний әркинлик жиғини» ниң 2022-жиллиқ жиғини Италияниң Рим шәһиридә чақирилидиған болуп, бу хилдики жиғинларда уйғур мәсилисиниң көпләп оттуриға қоюлуши техиму көп һөкүмәтләрниң бу мәсилидә ипадә билдүрүшигә түрткә болиду, дәп қаралмақта.

**Әзиз**

## Британские депутаты одобрили бойкот зимних Олимпийских игр в Пекине

Палата представителей Великобритании приняла резолюцию, призывающую к дипломатическому бойкоту Олимпийских игр в Пекине, сославшись на серьезные нарушения прав человека в Китае.

По данным Sydney Morning Herald, члены Британской палаты представителей 15 июля проголосовали за бойкот зимних Олимпийских игр 2022 года в Пекине. Решение было принято единогласно.

На голосовании Британские депутаты призвали Британское правительство не отправлять на соревнования представителей королевской семьи, дипломатов и других важных фигур.

Такая страна, как Китай, которая сейчас ведет геноцид против уйгуров во всем мире, а также против Тибета и Гонконга, настоятельно призывают против проведения Олимпийских игр.

**Ирада**

2021-07-15

## Россиялик татар паалийәтчилири: «Уйғурлар, жүригимиз силәр билән биллә!»

Бүгүнки күндә уйғур мәсилиси хәлиқара сәһнигә чиқип, дуния жамаәтчилиги, Америка башлиқ демократик мәмликәтләр, хәлиқара инсан һәқлири тәшкилатлири, тонулған дөләт вә жамаәт әрбаплири, атақлиқ алимлар Хитайниң уйғур елида уйғур вә башқиму түркий-мусулман милләтләргә қарита жүргүзүватқан тәқибләш сәяситини «иркий қирғинчилиқ» дәп етирап қиливатқан бир мәзгилдә, әйни вақитларда сабиқ Совет Иттипақи тәркивидә яшиған түркий хәлиқләрдиму қандақтур бир бирлишиш, һесдашлиқ қилиш һессиятиниң ойғиниватқанлиғи байқалмақта.

Егилишимизчә, мошуниңдин икки һәптә илгири Русийә Федератсийәсидә яшаватқан татар паалийәтчилири ялғуз кишилик намайишқа чиқип, Хитайниң уйғурларға қаратқан «иркий қирғинчилиқ» сәяситини әйипләйди.




Русийә Федератсийәси тәркивидики Татаристан жумһурийитиниң пайтәхти Қазан шәһиридә нәшир қилинидиған «Түрк нәзәри» гезитидә елан қилинған мәлуматларға қариғанда, Татаристанниң Набережние Челны вә Қазан, шундақла Башқуртистан пайтәхти Уфа шәһәрлиридә татар яшлириниң «Азатлиқ» иттипақиниң әзалири Рафик Каримуллин, Элдар Мустафаев вә Алмаз Хабибуллинлар Хитайниң уйғурларға қарита сәяситигә қарши ялғуз кишилик намайиш уюштурған. Улар қоллириға «Х Х Ж дики уйғур хәлқигә қаритилған иркий қирғинчилиқни тохтитишни тәләп қилимиз!», «Уйғурлар, жүригимиз силәр билән биллә!» дәп йезилған плакатларни көтүрүп чиққан.

«Татаристанда уйғурларни қоллаш һәрикити болуп өтти» дәп аталған мақалида татар яшлириниң «Азатлиқ» иттипақиниң лидери Наил Набиуллинниң бу һәқтики қарашлири берилгән. У мундақ дегән: «Узун жиллар давамида ижтимаий таратқуларда вә аммивий әхбарат васитилирида уйғурларниң даим иркий кәмситиливатқанлиғи тоғрулуқ әхбаратларни еливатимиз. Хәлиқара жамаәтчилик вә дуния һоқуқ қоғдаш тәшкилатлири уйғурлар һоқуқлириниң дәпсәндә қилиниватқанлиғини «иркий қирғинчилиқ» дәп һесаплаватиду. Биз болсақ Х Х Ж дики уйғурларға қаритилған иркий қирғинчилиқни тохтитишни тәләп қилимиз вә уйғурларға өзимизниң мәнивий ярдимимизни изһар қилишни халаймиз.»

Биз Татаристан пайтәхти Қазан шәһиридики татар яшлириниң «Азатлиқ» иттипақиниң лидери, «Түрк нәзәри» гезитиниң баш муһәррири Наил Набиуллин билән алақиләштуқ.

Наил Набиуллин әпәнди зиярәтимизни қобул қилип, мундақ деди: «Уйғурларни қоллишимизға уйғур вә татарларниң бир түркий хәлиқ екәнлиги сәвәб болди. Түркий хәлиқләр даим бир-бирини қоллиши лазим. Әнди татар яшлириниң «Азатлиқ» иттипақи өзиниң роһий җәһәттин түркий хәлиқләрниң тәшкилати болуп һесаплиниду. 1992-жили тунжи хәлиқара Түркий яшлар тәшкилати қурулуп, бу тәшкилат даим түркий хәлиқләр һоқуқлирини қоғдап, «Түрк нәзәри» гезитини нәшир қилип келиватиду. Татар яшлириниң «Азатлиқ» иттипақи түркий хәлиқләр һоқуқлирини давамлиқ қоғдап келиватиду. Һәр жили биз Ходжали әзәрбәйжанлириниң иркий қирғинчилиқ күнини, қарачай, балқар, татар хәлиқлириниң сүргүн қилинишини, қазақларниң ачарчилиқ пажиәсини хатириләп келиватимиз. Биз шуниңға ишинимизки, түркий хәлиқләр бир-бирини қоғдиши шәрт. Мундақ қоғдашлар пәқәт қуруқ сөз биләнла чәкләнмәй, бәлки әмәлийәттә, жисманий һәрикәтләрдә дәлиллиниши лазимдур. Биз 2009-жилдин буян уйғурларни қоллаш бойичә һәр хил паалийәтләрни жүргүзүп келиватимиз. Биз бир нәччә қетим Хитайниң Қазандики консулханиси алдида ялғуз кишилик намайиш уюштурдуқ. Биз қериндаш уйғур хәлқини қоғдашни өзимизниң пәрзи, муһим вәзиписи дәп қараймиз.»

Наил Набиуллин уйғур вә татарларниң роһий, диний, мәдәнийити җәһәттин бир-биригә интайин йеқин хәлиқләр екәнлигини оттуриға қоюп, йәнә мундақ деди: «Түрк нәзәри» гезитиниң нөвәттики сани беваситә уйғурларни қоллашниң ипадисила әмәс, биз «уйғур қирғинчилиғи» тоғрулуқ, әлвәттә ейтишимиз керәк, өзимизниң вәтәндашлиримизға чүшәндүрүшимиз лазим. Шуниң билән бир қатарда биз уйғур вә татарларниң бүгүнки тәғдиридә бәзи охшашлиқларниму байқаватимиз. Уйғуристанға охшаш Татаристандиму миллий паалийәтчилиримиз қаттиқ бесим астида қалмақта. Татар тили болса билим саһәсидин сиқип чиқирилди. Һазир татар тилини өз ихтияри, пәқәт ата-аниларниң хаһиши билән үгиниватиду. Татар тилида алий билим елиш мумкинчилиги йоқниң орнида. Биздә һәр қандақ намайиш, аммивий паалийәтләр мәнъий қилинған. Лекин уйғурлар интайин күчлүк қирғинчилиққа дуч келиватиду. Шуниң үчүн гезитниң бу сани асасән уйғур мәсилисигә беғишланған.»

Наил Набиуллин һазирқи вақитта түркий хәлиқләрниң бир-бирини қоллиялмай келиватқанлиғини әпсуслиниш билән тилға елип, уларни бирликккә чақирди.

«Түрк нәзәри» умумий түркий мәдәний-ақартиш, жәмийәтлик-сәясий гезитиниң бу саниниң биринчи бетидә уйғурларниң айюлтузлуқ көк байриғиниң рәсими чүшүрүлүп, униңда «Уйғурлар, қериндашлиримиз! Бизниң жүрәкләр силәр билән биллә!» дәп йезилған. Гезиттә тонулған қазақстанлиқ сәясәтшунас Қәһриман Ғожамбәрдиниң «Уйғур мәсилиси: реаллиқ вә ойдурмилар» намлиқ чоң көләмлик мақалиси, шуниңдәк уйғурларға аит башқиму мәлуматлар берилгән.

**Ойған**

## ئامېرىكىنىڭ سابىق دىنىي ئىشلار ئەلچىسى خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇيغۇر «ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرغان



«5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى» نىڭ 12 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى پايتەخت ۋاشىنگتوندا خىتايغا قارشى زور كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.

بۈگۈنكى بۇ نامايىشقا كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ ئامېرىكىغا كەلگەن ياكى ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يېڭى بىر ئەۋلاد ياش ـ ئۆسمۈرلەرمۇ قاتناشتى. نامايىش ئىنتايىن يۇقىرى كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلدى, قوللىرىغا ئامېرىكا بايرىقى بىلەن ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق كۆتۈرۈۋالغان نامايىشچىلار يۇقىرى ئاۋازدا شوئار توۋلاپ نامايىش مەيدانىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

ئامېرىكا دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋاشىنگتون ئالاھىدە رايوننى ساياھەت قىلىۋاتقان ساياھەتچىلەر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، نامايىشچىلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**گۈلچېھرە**
2021 ـ 07 ـ 05

## مىيۇنخېندا «5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى» نىڭ 12 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئېلىپ بېرىلدى



د ئۇ ق چاقىرىقى بىلەن 5 ـ ئىيۇل كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە «5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى» نىڭ 12 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىشلار ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلارمۇ خىتاينىڭ مىيۇنخېن شەھرىدىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، 5 ـ ئىيۇل شېھىتلىرىنى خاتىرلىدى ۋە خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى جازا لاگېرلىرى سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

نامايىشقا ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەسقەرجان ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلدى. د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى نامايىش مۇقەددىمىسىدە ئۇيغۇرچە ۋە گېرمانچە نۇتۇق سۆزلەپ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ۋە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى قاتتىق سۆكتى.

نامايىشقا 2008 ـ يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرۇپ سۆز قىلىۋاتقان باۋارىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ماركوس ئەپەندىمۇ قاتناشقان ئىدى. ئۇ نامايىش جەريانىدا سۆز ئېلىپ, شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان دەھشەتلىك باستۇرۇش سىياسىسىتىنى قاتتىق ئەيىبلەش بىلەن بىرگە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارىتا كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىشى لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

**ئەكرەم**
**2021 ـ 07 ـ 05**

## 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسى» نىڭ 12 يىللىق خاتىرە كۈنىدە توكيودا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى




ياپونىيە پايتەختى توكيودىكى ئەڭ ئاۋات رايونلارنىڭ بىرى بولغان شىنجۇكۇ پوپىز ئىستانسىسى ئالدىدا 4 ـ ئىيۇل كۈنى ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە خوڭكوڭلۇقلار ھەم موڭغۇل جەمئىيىتىنىڭ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن «5 ـ ئىيۇل ۋەقەسى» نىڭ 12 يىللىق خاتىرە كۈنىدە خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ نامايىشقا توكيو ۋە ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىن كېلىپ توپلانغان ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، خوڭكوڭلۇقلار ۋە بىر قىسىم يەرلىك ياپونلارمۇ قاتناشتى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ياپونىيەدىكى ۋەكىلى ئىلھام مەخمۇت ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە, بۇ قېتىمقى نامايىشقا 150 ئەتراپىدا كىشى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، نامايىش ئالدى بىلەن 5 ـ ئىيۇلدا ھاياتىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋىتى قىلىنغاندىن كېيىن باشلانغان. قوللىرىدا ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق كۆتۈرۈۋالغان نامايىشچىلار «خىتاي 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىدە قاتىل قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھېسابىنى بەرسۇن»، «خىتاي ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختات»، «ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك», «خىتاي جازا لاگېرلىرىنى تاقىۋەتسۇن»، «قېرىنداشلىرىمنى قايتۇرۇپ بەر»،« خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن قولۇڭنى تارت» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ ئەتراپنى لەرزىگە سالغان.

**ئەركىن تارىم**
2021 ـ 07 ـ 05

## سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو: خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 100 يىللىقى قەتلىئام ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن تولغان بىر ئەسىر

ئامېرىكىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو 1 ـ ئىيۇل كۈنى تىۋىتتېر ئۇچۇرىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 100 يىللىقىنى باھالاپ ئۇنى قەتلىيام ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن تولغان بىر ئەسىر، دەپ سۈپەتلىدى.

ئۇ مۇنداق دېگەن: «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 100 يىللىقى زور كۆلەملىك قەتلىئاملار ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن تولغان بىر ئەسىردۇر. ھېچقانداق بىر سىياسىي پارتىيە خىتاي كومپارتىيەسىدەك جىق ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ باققان ئەمەس.»

خىتاي كومپارتىيەسى 1 ـ ئىيۇل كۈنى ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ 100 يىللىقىنى بېيجىڭدا زور داغدۇغا بىلەن كۈتىۋالغانىدى. خىتاي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ شۇندىكى نۇتقىدا «بىز ئەزەلدىن باشقىلارنى بوزەك قىلمىغان، زۇلۇم قىلمىغان ۋە قۇل قىلمىغان» دەپ سۆزلىگەن.

ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرىي تۈركەلمۇ شى جىنپىڭنىڭ سۆزىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ: «ناتسىستلار دەۋرىدىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ چوڭ جازا لاگېرلىرىنى يولغا قويغان ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنى زاۋۇتلاردا ۋە قۇراشتۇرۇش لىنىيەلىرىدە قۇل قىلىۋاتقان شى جىنپىڭنىڭ بۇنداق يالغان سۆزلىشى تولىمۇ كۈلكىلىك» دېگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

«خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي دىن ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە قارشى زور تەھدىت پەيدا قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ۋە مەدەنىيەت كىملىكىنى ئۆزگىچە ساداقەتسىزلىك ۋە يوشۇرۇن تەھدىتنىڭ ئالامىتى، دەپ قارايدۇ.

خىتاي كومپارتىيەسى دىنىي يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ باھانىسى سۈپىتىدە قوللانغان. ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇق ۋە قانۇن ئاساسىدىكى خەلقئارا تەرتىپنى قوغداش ئۈچۈن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى باستۇرۇش ھەرىكىتى ۋە چەتئەلدىكى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشى كېرەك.»

**ئىرادە**
2021 ـ 07 ـ 02

## ئامېرىكىنىڭ سابىق دىنىي ئىشلار ئەلچىسى خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇيغۇر «ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرغان

ئامېرىكىنىڭ سابىق دىنىي ئىشلار باش ئەلچىسى سام برووۋنبەك بىلەن ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى روشەن ئابباس «ۋاشىنگتون ۋاقتى» گېزىتىنىڭ 30 ـ ئىيۇندىكى سانىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا ئۈندىگەن.

ماقالىدە فرانسىيەدىكى لاگېر شاھىتى گۈلباھار خاتىۋاجىنى كەچمىشى ۋە 2018 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇتقۇن قىلىنىپ ھازىرغا قەدەر ئىز ـ دېرىكى بولمىغان دوختۇر گۈلشەن ئابباسنىڭ مەسىلىسى چىقىش نۇقتىسى قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قورقۇنچلۇق زىيانكەشلىككە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن دەھشەتكە جاۋاپ بېرىش» ماۋزۇلۇق مەزكۇر ماقالىدە «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ھەركىتى لاگېرلاردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى دۇچ كەلگەن ئەڭ قەبىھ ۋەھشىيلىكلەرنىڭ بىرى» ئىكەنلىكى، «ئاياللارغا ئوكۇل سېلىپ ئۇلارنى تۇغماس قىلىشقا دائىر دوكلاتلار» خىتاينىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنىڭ «ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىش» ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز خەلقئارا جەمئىيەتنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گوللاندىيە ۋە كانادا ھۆكۈمەتلىرىدەك بۇ ۋەھشىيلىكنى ‹ئىرقىي قىرغىنچىلىق› دەپ بېكىتىشكە ئۈندەيمىز. بىراق بىز تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. گۈلباھارغا ئوخشاش شاھىتلار دۇنيانىڭ قالغان قىسمىنى ئۆز ۋەتىنىدە دەھشەتلىك ۋەھشىيلىككە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاش، ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىكىنى قوغداش ھازىر بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز».

**ئەركىن**
2021 ـ 07 ـ 01

## Бельгия парламенти «уйғур ирқий қирғинчилиғи» һәққидә рәсмий қарар елан қилди

Бельгиядә яшаватқан уйғур жамаити «5-июль Үрүмчи қирғинчилиғи»ниң 12 жиллиғини хатирилəш, Бельгия парламентида «уйғур ирқий қирғинчилиғи» ни тонуш тоғрисида рәсмий билəт ташлайдиған парламент әзалириға мәдәт бериш үчүн Брюсселда зор көләмлик намайиш өткәзди.

Намайишни Бельгия - Уйғур жәмийити уюштурған болуп, бу намайишқа Бельгиядики уйғур паалийәтчиләрдин башқа Бельгия парламентида «уйғур ирқий қирғинчилиғи» ни оттуриға қойған Бельгия йешиллар партиясиниң вәкили Самуел Коголати әпәндим, Бельгия сотсиал-демократлар партиясиниң вәкиллири, шундақла бу партияниң лидери Әхмәт әпәнди қатнашқан. У бу намайишта уйғурлар һәққидә сөз қилған.

Намайишқа жәмий 150 кә йеқин киши қатнашқан болуп, Бельгиядики һәркайси таратқуларниң мухбирлириму нәқ мәйдандин хәвәр бәргән.

Бельгия парламентида Хитайниң уйғурларға жүргүзүватқан зулумлирини «ирқий қирғинчилиқ» дәп етирап қилиш мәсилиси бирликкә кәлгән болсиму, әмма бу һәқтики қарар рәсмий авазға қоюлуп, рәсмий әхбаратқа елан қилинмиған еди. Хитай һөкүмити йеқиндин буян бу һәқтә Бельгия тәрәпкә жиддий инкас қайтурған болсиму, әмма Бельгия парламентидики һәркайси партия вәкиллириниң толуқ аваз бериши билән 7-айниң 8-күни Бельгия парламенти «уйғур ирқий қирғинчилиғи» һәққидә рәсмий қарар елан қилған.

Мәлумки, Бельгия парламенти, Америка, Әнглия, Канада, Голландия, Литва парламентидин кейин, Хитайниң уйғур вә башқа түркий милләтләргә қаратқан бастурушлирини «ирқий қирғинчилиқ» дәп тонуған 6-дөләт болуп қалди.

**Уйғурай**

## Канадиниң Торонто, Монреаль, Ванкувер, Калгари қатарлиқ шәһәрлиридә «5-июль қирғинчилиғи» хатириләнди




Чәт әлдики уйғурлар Үрүмчи «5-июль қирғинчилиғи» ниң 12 жиллиқ хатирә күнидә һәр хил паалийәтләрни өткүзүп, дунияни зил-зилиға салған бу вақиәдә өлгән, тутқун қилинған, из-дерәксиз йоқалған уйғурларни хатирлиди. Канадидики уйғурларму бу қирғинчилиқниң 12 жиллиғини алаһидә шәкилдә хатирлигән.

Шу күни бир уйғур паалийәтчи Канадиниң Торонто шәһиридин пайтәхт Оттаваға қарап 15 күнлүк пиядә марафон жүрүшини башлиған, шундақла Торонто, Калгари, Монреаль, Ванкувер шәһәрлиридә намайиш өткүзүлүп, «5-июль қирғинчилиғи» ниң қурбанлириға адаләт тәләп қилған. Канада һөкүмитини 2022-жиллиқ Бейжиң қишлиқ Олимпик мусабиқисини бойкот қилишқа чақирған.

Бу паалийәтни уюштурған «Канада-Шәрқий Түркистан жәмийити» ниң рәиси Туйғун Абдувәлиниң билдүрүшичә, Торонто шәһиридики намайишта тәхминән 300 дәк киши шәһәрлик һөкүмәт алдиға жиғилип, бу йәрдин Канада мәмликәтлик Олимпик комитетиға жүрүш қилған.

У 7-июль күни бу һәқтики зияритимизни қобул қилип, мундақ деди: «Канада-Шәрқий Түркистан жәмийитиниң уюштурушида Торонто, Ванкувер, Калгари, Монреаль қатарлиқ төрт шәһәрдә намайиш болди. Торонтода тәхминән 300 гә йеқин уйғурларниң қатнишиши билән шәһәрлик һөкүмәтниң алдида башлинип, Олимпик комитетиниң бинаси алдиди ахирлашти.»

Туйғун Абдувәлиниң ейтишичә, бу кетимки намайишниң мәқсити - «5-июль қирғинчилиғи» ни хатирилəш билән бир вақитта йәнә бу қирғинчилиқта мәсъулийити бар хитай әмәлдарлирини сотқа тартишни тәләп қилиш, Канада һөкүмитини Бейжиң қишлиқ Олимпик мусабиқисини бойкот қилишқа, шундақла Канада парламентиниң уйғур «ирқий қирғинчилиғи» ға даир қарарини әмәлийләштүрүшкә чақирған».

**Әркин**

## Бир әсирлик зулумниң тәбриклигүдәк һечнемиси йоқ!

«Инсанийәтниң ортақ дүшмини» дәп қарап келиватқан комунизм идеологияси Хитай компартияси қурулған жил - 1921-жили, 1-июлдин тартип бүгүнгичә болған йүз жил ичидә Хитайдики һөкүмран идеологиягә айлинип қалди. Хитай компартияси өзлириниң бир әсирлик тарих яратқанлиғини һәмдә бу жәриянда ажизлиқтин зорайғанлиғини өзлириниң һәқлиқ екәнлигигә дәстәк қиливатқанда, Дуния уйғур қурултейи (Д У Қ) «Бир әсирлик зулумниң тәбриклигүдәк һечнемиси йоқ» дегән темидики тор муһакимә жиғинини чақирди.

1-июль күни жиғин риясәтчиси, Д УҚ ниң хадими Зумрәтай Әркин алди билән сөз елип, жиғинниң мәқсити һәққидә қисқичә мәлумат бәрди. У сөзидә Хитай компартияси қурулған вә зорайған бир әсирлик тарихниң әмәлийәттә инсанийәт үчүн әң зулмәтлик бир әсир болғанлиғини, бу бир әсирлик тарихниң зулумдин башқини пәйда қилмиғанлиғини алаһидә тәкитләп өткәч, бу һәқтики тәпсилатларни һәркайси паалийәтчиләрниң ағзидин аңлаш лазимлиғини билдүрди.

Д У Қ ниң рәиси Долқун Әйса ечилиш нутқини сөзләшкә тәклип қилинди. У сөзидә нуқтилиқ қилип Хитай компартияси өзиниң йүз жиллиқ хатирисини варақлаватқанда, әмәлийәттә Хитайда кишилик һоқуқлириниң қаттиқ дәпсәндә он жиллиғини тәкитләп өтти. Болупму Хитай компартиясиниң залимлиғи ешип мәңиватқанда, униң езиши вә




зиянкәшлигигә учраватқан уйғур, қазақ, тибәт, моңғул қатарлиқ хәлиқләрниң бу ортақ дүшмәнгә қарши бир яқидин баш чиқиришиниң муһимлиғини, ташқи дуниядики һәркайси күчләр бирләшкәндила бу рәзил һакимийәткә қарши туруш һәмдә уни тарихниң әхләт сандуғиға чөрүп ташлашниң мумкин болидиғанлиғини шәрһиләп өтти .

Тибәт сәргәрдан һөкүмити парламенти тәрипидин йеңидин сайланған рәиси Пенпа Сереңму жиғинға қатнашқан болуп, меһманлар қатарида алаһидә сөз қилди. Уму өзиниң Долқун Әйса оттуриға қойған «Йүз жиллиқ тарих әмәлийәттә зулум вә бесимдин башқа һечнәрсә яратқини йоқ» дегән пикрини толуқ қоллайдиғанлиғини билдүрди.

Бу кетимқи жиғинға Д У Қ қаримиғидики Хитай ишлири бөлүминиң директори Илшат Һәсәнму тәклип қилинған еди. Илшат Һәсән өз сөзидә Хитай компартияси қурулғандин буянқи тарихни варақлиғанда, башқисини қоюп «Тйәнәнминь қирғинчилиғини» әслəп өтүшниң өзила купайә қилидиғанлиғини тәкитлиди.

Бу муһакимә жиғиниға тибәтләр, моңғуллар, Хоңкоң демократчилири қатарлиқ һәркайси группиларниң вәкиллириму қатнашти. Шуларниң ичидин хитай адвокат Тең Бяому айрим сөз қилип, Хитай компартияси қурулған йүз жилдин буян барлиққа кәлгән байларни йоқутуш, зиялийларни йоқутуш, жиғивелиш лагерлири вә ирқий қирғинчилиққа охшаш инсанийәткә қарши туруш жинайәтләрниң жилсери ешип маңғанлиғини, диктаторлуқниң күндилик нормиға айлинип қалғанлиғини, Хитай компартиясиниң қанлиқ һөкүмранлиғини баян қилди.-

Жиғинниң ахирида һәркайси вәкилләр Хитай компартиясиниң бир әсирлик зоруюш тарихидин қандақ савақларни елиш мумкинлигини, уйғурлар вә башқа хәлиқләр, шундақла дуния хәлқи Хитай компартиясиниң ешип бериватқан дүшмәнликлиригә дуч келиватқанда немиләрни қилиш қатарлиқ темилар бойичә соал-жаваблар болуп өтти. Жиғин әһли ахирида бирдәк «Зулум вә зиянкәшликни асасий һөкүмранлиқ темиси қилған бундақ бир һакимийәтниң бир әсирлик хатирә күнини тәбрикилиш маһийәттә зулум вә зиянкәшликниң бир әсир давам қилғанлиғини тәбрикләнликкә баравәр» дегән ортақ пикиргә кәлди. Бу һәқтики башқа темилар жиғинниң иккинчи бөлигидә муһакимә қилинди.

Шу күнниң өзидә Америка қошма штатлириниң Бирләшкән Дөләтләр Тәшкилатида (Б Д Т) турушлуқ сабиқ баш әлчиси Никки Халь өзиниң фейсбук (йүздидар) бетидә уйғур дияридики лагерларниң сүритини қошуп, учур йоллап «Хитай компартияси мәвжут болғанлиғиниң йүз жиллиғини тәбрикләватқанда, жиғивелиш лагерлириға қамалған һәмдә бу жайларда азап чекиватқан бир миллион уйғурларни унтумаймиз»-дегән.

**Әзиз**
1.07.2021

# مىللىي مۇستەقىللىق بىز ئۇيغۇرلاردىن يەنە قانچىلىك ئۇزاقتا؟



ئاسىيە ئۇيغۇر

## 1.بۆلۈم: مۇستەقىللىقنىڭ شەرتلىرى ۋە رېئاللىقىمىزدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەر

مىللىي مۇستەقىللىق بولسا ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان ھوقۇقى بولۇپ، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئاجىزلىغان 21-ئەسىردىمۇ يەنىلا نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى يەنىلا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سودا مەنپەئەتىگە ياندىشىپ بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ كونترول قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى دۇنيا جامائىتى بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان ھېچبىر مىللەت جامائەت ئىچىدىكى ئىشلاردىن مۇستەسنا بىرەر ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. ئۇنداقتا بىز يىراقنى قويۇپ يېقىنقى يەنى ئىككى مىڭىنچى يىللاردىن كېيىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرگە قاراپ باقايلى:

1. شەرقىي تىمور دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى، 16-ئەسىردىن باشلاپ پورتۇگالىيە تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان، كېيىن گوللاندىيە بىلەن بىرلىكتە مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەت بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەرقىي تىمور پورتوگالىيىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالغان. 1975-يىلى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوزغىغان ۋە ئۇزۇن يىللار ئىزچىل كۈرەش قىلىش داۋامىدا 2002-يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

2. قارا تاغ جۇمھۇرىيىتى. 19-ئەسىردىلا مۇستەقىل دۆلەت بولغان ۋە ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بالقان ئارىلىغا جايلاشقان بۇ دۆلەت جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبلىك نۇرغۇن دۆلەتلەرنى <بىر قىسمى>غا ئايلىنىپ قالغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يۇگوسلاۋىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالغان. 90-يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. قارا تاغ بولسا 2006-يىلى 5-ئاينىڭ 21-كۈنى ئومۇم خەلق ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق 5 پىرسەنتلىك كىچىككىنە ئۈستۈنلۈك بىلەن مۇستەقىل بولغان ۋە 6-ئاينىڭ 3-كۈنى 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مۇستەقىل دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

شۇ يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنى ب د ت غا رەسمىي ئەزا بولغان ۋە دۇنيا تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپقا ئېرىشكەن.

3. جەنۇبىي سۇدان جۇمھۇرىيىتى. ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بۇ دۆلەت سۇدان جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، 2011-يىلى 9-ئىيۇلدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ۋە ئافرىقا چوڭ قۇرۇلتىيىدىكى 54-دۆلەت بولغان شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ دۆلەت نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ياش دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. يۇقارقى ئۈچ دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولالىشى بىزگە شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن مۇستەقىللىق پەقەت بىر چۈشلا ئەمەس، بەلكى تارىخىي پۇرسەتلەرگە تولغان ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىدە پەقەت پۇرسەتنى كۈتۈپ يېتەلىسەكلا مۇستەقىللىق بىز ئۈچۈن ئانچە يىراق بولمىغان بىر مەنزىل خالاس!

ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسى ئۈچۈن پۇرسەت كەلدىمۇ؟ بىز بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، بىزنىڭ پۇرسەتلىرىمىزنى ئۆزىدە يوشۇرغان دۇنيا ۋەزىيىتىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ، كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ باقايلى،پۇرسەت زادى قەيەردە؟ بىز ئىزچىل ھالدا دۈشمىنىمىز تاجاۋۇزچى خىتايلار دەپ تووۋلاپ كېلىۋاتىمىز، ئۇنداقتا بىز ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپتە بىلىشكە تېگىشلىكى دۈشمەنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە.

1. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى

خىتاي - ئامېرىكا سودا ئۇرۇشى نۆۋەتتە ھەتتا روسسىيەدە ئۇيۇشتۇرۇلغان"دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسى"دىنمۇ بەكرەك قىززىق نوقتىلىق مەسىلىگە ئايلاندى دېسەك ئارتۇق كەتمەس. چۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان بۇ ئىككى ئىقتىسادىي چوڭ گەۋدە ئارىسىدىكى سودا تالاشلىرىنىڭ ئاقىۋەتتە سودا ئۇرۇشى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ۋە سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى ھەم شۇنداقلا بۇ سودا ئۇرۇشى سەۋەبلىك خىتاي ئىقتىسادىدا داۋالغۇش بولۇشى ...........ۋەھاكازالار كىشىلەرگە ئەينى يىللاردىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا ئامېرىكا بىلەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى سودا ماجىراسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى قاتارلىق بىر قاتار تارىخلارنى ئەسلەتتى. دەرۋەقە ئەينى يىللىرى ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزگەنلىك سەۋەب ئىقتىسادىيدا چېكىنىش بولغان ۋە ئاقىۋەت پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مانا مۇشۇنداق تارىخىي پۇرسەتلەر سەۋەب بۈگۈنكى قازاقىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەر مۇستەقىللىقنىڭ بۈيۈك قەدىمىنى ئالالىغان.

ئۇنداقتا تارىخ تەكرارلىنامدۇ؟ كىمنىڭ سۆزى ئېكەنلىگى ئېسىمدە قالماپتۇ، مۇنداق بىر سۆز بولىدىغان: "تارىخ تەكرارلانمايدۇ، ئامما بەزى تارىخلار بىر - بىرىگە كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە ئوخشايدۇ". بەلكىم مانا مۇشۇنداق ئوخشاشلىقلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بۈگۈن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھېس قىلىشماقتا. ئامېرىكا قوزغىغان سودا ئۇرۇشى خىتاينىڭ ئىقتىسادىيغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان بولسا، خىتاي ئىچىدىكى كوممۇنىست پارتىيەگە قارشى نارازىلىق ھەرىكەتلىرى تېزدىن ئەۋج ئېلىپ بىۋاستە ھالدا خىتاي ھاكىمىيىتىگە تەھدىت ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش ھەرىكىتى، يۈك ماشىنىشى شوپۇرلىرىنىڭ مەملىكەن خاراكتېرلىك تەشكىللىنىپ ئىش تاشلاش ھەرىكىتى، كونا ئەسكەرلەرنىڭ مەملىكەت بويىچە تەشكىللىنىپ نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەر كەينى - كەينىدىن يۈز بەردى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا شى جىنپىڭنىڭ رەسىمگە سىياھ چېچىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ پۈتۈن خىتاي ئىچى - سىرتىدىكىلەر ئارىسىدا سىياھ چېچىش ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. مانا بۈگۈن خىتايدا چوڭ سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىگە دائىر گەپ سۆزلەر ۋە مۇلاھىزىلەر پۈتۈن ئىنتېرنېت دۇنياسىنى بىر ئالدى........

بىز ئامېرىكىنىڭ جۇڭشىڭ شىركىتىنى جازالاش ۋەقەسىدىن شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، ئۆزلىرىنى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن چوڭ دۆلەت دەپ جار سالغان ۋە 2025-يىللىق پىلانى ئارقىلىق دۇنيا پەن - تېخنىكا ساھەسىدە يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈشنى پىلان قىلغان خىتاينىڭ ھەتتا كىچىككىنە 芯片 ئۆتكۈزگۈچ پىلاستىنكا ياساش تېخنىكىسىدىمۇ باشقىلارغا تايىنىدىغان دەرىجىدە پەن - تېخنىكىدا بەكلا ئاجىز ئېكەنلىگىنى تونۇپ يەتتۇق. ئۇنداقتا پەن - تېخنىكىدا شۇنچە ئاجىز بىر دۆلەت قانداق قىلىپ دۇنيا پەن - تېخنىكا ساھەسىدە رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆتەلىشى مۇمكىن؟ بۇ دەل ئامېرىكىنىڭ خىتايغا سودا ئۇرۇشى ئېلان قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبدۇر. چۈنكى خىتاي تاكى بۈگۈنگە قەدەر يۇقىرى پەن - تېخنىكىدا بوشۇش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكىنى يوق، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس بولىۋاتقىنى ھەممىسلا غەربنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكىسى ۋە خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى ئوغرى ۋە تېخنىكا جاسۇسلىرىنىڭ تۆھپىسى خالاس.

ئامېرىكا جۇڭشىڭنى جازالايمىز دېيىشى بىلەنلا جۇڭشىڭ پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، گەرچە خىتاي دەسلەپتە ئامېرىكىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باققان بولسىمۇ لېكىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىيلىكى نەتىجىسىدە جۇڭشىڭ ناھايىتى زور ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەش ۋە جۇڭشىڭ شىركىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇش ۋە ئامېرىكىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش شەرتى ئاستىدا جازانى بىكار قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بىز بۇ يەردە جۇڭشىڭنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇنداق كۆپ ئىقتىسادىي جازانى قوبۇل قىلىشنى، شىركەتنى ۋەيران قىلىشتىن مۇھىم دەپ بىلگەنلىكى ۋە بۇ ئاتالمىش «شەخس شىركەت» نىڭ ئىشلىرىغا خىتاينىڭ بىر دۆلەت سۈپىتىدە قول تىقىپ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە بىز جۇڭشىڭنىڭ نوقۇل ھالدىكى شەخس شىركىتى ئەمەس بەلكى خىتاينىڭ ئوغرى ئالاقىسى ۋە جاسۇسلۇق ساھەسىدىكى مۇھىم ئورگىنى ئېكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق. يەنى ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسى ئىران بىلەن شىمالىي كورىيەگە سېتىپ ئامېرىكىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان جۇڭشىڭنىڭ كەينىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى بارلىقىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە شۇ سەۋەب ئامېرىكا خىتاي ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ۋە ئامېرىكىغا خىتايدىن ئوقۇشقا ۋە خىزمەت بىلەن كېلىدىغانلارنىڭ ۋىزا ئېلىش ئىشلىرىغا چەك قويۇش، ۋەتەنداشلىققا چەك قويۇش، خىتاي گراجدانلىرى ياكى ئامېرىكا گراجدانلىقىغا ئۆتكەن خىتايلارنىمۇ دۆلەتنىڭ تېخنىكىلىق مۇھىم خىزمەت ئورۇنلىرىغا قوبۇل قىلماسلىق، ھازىر ئىش ئورنىدا بولغانلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلىدى. شى جىنپىڭ گەرچە دەسلەپتە"قانغا قان ئالىمىز"دەپ چوڭ سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ترامپنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان، خىتايدىن قورقۇپ قالمايدىغان جەسۇر ۋە قەتئىيلىكى كېلىپ چىقىشى تىجارەتچى بولغان بىر پرېزىدېنتنىڭ خىتاينىڭ قارىشىدىكى"پۇلنى مۇھىم بىلىدۇ"قارىشىنىڭ خاتا ئېكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دەرۋەقە خىتاي ھۆكۈمىتى ترامپنى پەقەت"گولدۇرى بار، يامغۇرى يوق" ئادەم دەپ پەرەز قىلىشقان ۋە شۇ پەرىزىگە ئاساسەن ستراتېگىيىسىنى تۈزگەن بولۇپ، ترامپنىڭ ئويلىمىغان يەردىن بۇنداق قاتتىق قول پرېزىدېنت بولۇشى خىتاينى چۆچۈتتى. 6-ئىيۇل كۈنى 50 مىلياردلىق خىتاي مېلىغا باج ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن خىتايمۇ ئامېرىكىنىڭ ئوخشاش مىقداردىكى مېلىغا ئوخشاش باج ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى.

خىتاينىڭ بۇ ئىپادىسى ئامېرىكىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى ۋە كەينىدىنلا ترامپ يەنە 200 مىليارد ۋە 300 مىلياردلىق خىتاي ماللىرىغا باج ئالىدىغانلىقى ھەققىدە باياناات بەردى. 6-ئىيۇل ئامېرىكا خىتاي ماللىرىغا رەسمىي يوسۇندا باج ئېلىشنى باشلىغاندا بولسا خىتاي پورتىدا ئامېرىكىنىڭ ماللىرى خىتاي پورتىدىن كىرەلمەي تۇرۇپ قالدى، چۈنكى خىتاي پورتىدىكىلەر تېخى ئامېرىكىنىڭ ماللىرىغا قانداق باج ئېلىش ھەققىدىمۇ ئېنىق بىر بۇيرۇققا ئېرىشمىگەنىدى........ يەنى خىتاي بۇ سودا ئۇرۇشىنىڭ تۈنجى ئوقىنىڭ چوقۇم ئېتىلىدىغانلىقىغا ئانچە ئىشەنمىگەن ۋە تەييارلىق كۆرمىگەن.....

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# Прошла онлайн-конференция, посвященная юбилею республики

2 июля 2021 года прошла онлайн-конференция, которую проводило Общественное объединение «Республиканский этнокультурный центр уйгуров Казахстана» на тему: «Казахстан-30 лет единства, мира и согласия», посвящённая к 30-летию независимости Казахстана. Участники конференции представили доклады об истории становления казахстанской государственности, развитии и дружеских отношений между народами Казахстана.

По официальному приглашению в ней принял участие председатель Общества уйгуров КР «Иттипак» Аскар Касымов. Он вы-



ступил с приветственной речью:

*«Уважаемые коллеги и товарищи!*

*Сердечно приветствую участников круглого стола на тему: «Казахстан -30 лет единства, мира и согласия», посвященного 30-летию независимости Республики Казахстан от имени Общества уйгуров Кыргызстана «Иттипак».*

*В этом году братские республики Казахстан и Кыргызстан отмечают 30-летие своей независимости. В настоящее время в Казахстане есть уйгурские школы, культурные центры и уйгурские газеты в густонаселенных районах Казахстана и в г. Алматы, Государственный музыкальный уйгурский драмтеатр, газета «Уйгур авази» и районные газеты, также действуют уйгурские культурные и молодежные центры. Все это наглядно свидетельствует о политике правительства Казахстана в отношении уйгуров.*

*За последние 30 лет наши культурные, научные и социальные контакты между нашими двумя республиками расширяются.*

*Думаю, что и дальше наши дружеские и культурные связи будут развиваться и укрепляться.*

*Желаю Вам больших успехов в дальнейшей вашей деятельности и начинаниях!»*

**Абдурахим Хапизов**

## Новости

# УЙГУРЫ ВО ВСЕМ МИРЕ ОТМЕТИЛИ ГОДОВЩИНУ ЖЕСТОКИХ РЕПРЕССИЙ В 2009 ГОДУ

Уйгурские группы по всему миру провели демонстрации, посвященные жестокому подавлению уйгуров китайскими властями 12 лет назад в столице Синьцзян-Уйгурского автономного района (СУАР), в то время как высокопоставленные американские дипломаты обсуждали усиливающиеся репрессии в отношении групп этнических меньшинств, в основном мусульманских в северо-западном Китае.

Более 200 уйгуров, в том числе многие молодые люди, приехавшие в США в детстве, провели антикитайскую акцию протеста в Вашингтоне, округ Колумбия, по случаю годовщины насильственных беспорядков в Урумчи (на китайском языке Wulumuqi). Демонстранты в столице США держали в руках американские флаги и голубые флаги Восточного Туркестана - уйгурского названия китайского региона Синьцзян.

По официальным данным Китая, около 200 человек погибли и 1700 получили ранения в результате трехдневной вспышки насилия, начавшейся 5 июля 2009 года между уйгурами и китайцами-хань в Урумчи, хотя уйгурские правозащитные группы говорят, что эти цифры намного выше.

Японская ассоциация уйгуров провела акцию протеста в Синдзюку, центральном районе Токио, в которой приняли участие не только уйгуры, проживающие в Японии, но и граждане Японии, монголы и жители Гонконга.

Всемирный уйгурский конгресс, базирующийся в Германии, провел 5 июля в Лондоне акцию протеста, в которой также приняли участие члены уйгурской общины, тибетцы и представители Гонконга.

Уйгурская община в Швейцарии провела акцию протеста в Берне, а уйгуры, живущие в Турции, отметили инцидент 2009 года, проведя 10 мероприятий в Стамбуле, Анкаре, Конье и других городах.

Лидеры уйгурских организаций, члены уйгурской диаспоры и турецкие сторонники провели акцию протеста и пресс-конференцию перед китайским консульством в Стамбуле 5 июля, в которой приняли участие тысячи человек.

Уйгуры в Мюнхене и Амстердаме также организовали демонстрации перед посольствами Китая в этих городах.

Уйгуры в Казахстане и Кыргызстане также провели собрания в честь ознаменования 12-летия трагических событий в г.Урумчи 5 июля 2009 года.

Блинкен проводит круглый стол.

Во вторник госсекретарь США Энтони Блинкен встретился по видеоконференции с семьями выживших в китайских лагерях для интернированных, защитниками и родственниками людей, задержанных в СУАР, чтобы услышать напрямую от них о злоупотреблениях от отношении группы меньшинств.




Эксперты считают, что с 2017 года в лагерях находяться более 1,8 миллиона человек - примерно шестая часть от 12 миллионов уйгуров СУАР.

Китай заявляет, что лагеря представляют собой центры профессионального обучения, созданные для борьбы с религиозным экстремизмом и терроризмом. Но многие учителя, интеллектуалы и известные бизнесмены оказались в заключении в этих лагерях.

Блинкен сказал уйгурам, что США полны решимости работать с союзниками и партнерами, призывая положить конец продолжающимся преступлениям Китая против человечности и геноциду, согласно заявлению официального представителя Госдепартамента Неда Прайса.

«Соединенные Штаты будут и впредь ставить права человека во главу угла нашей политики в отношении Китая и всегда будут поддерживать голоса активистов, выживших и членов семей жертв, которые мужественно выступают против этих зверств», - говорится в заявлении.

Андерс Корр, издатель журнала «Политические риски» и руководитель фирмы по снижению политических рисков Corr Analytics Inc., сказал, что встреча Блинкена с бывшими заключенными лагеря для интернированных является обнадеживающим знаком.

«Это означает, что он все более серьезно относится к геноциду, - сказал он. - Будем надеяться, что в следующий раз он представит общественности эти встречи и страдания уйгуров, чтобы продемонстрировать еще большую приверженность Америки их освобождению».

Софи Ричардсон, директор Хьюман Райтс Вотч по Китаю, сказала, что решение Блинкена встретиться с группой уйгуров было «невероятно важным делом».

Слушать их истории и предлагать их идеи были «не только важным жестом поддержки для этих людей и их сообщества, но и очень мощным способом обратить внимание Китая на то, что правительство США не намерено снимать свои опасения по этому поводу» - сказала она.

Ричардсон также подчеркнула важность создания механизмов для расследования и привлечения к ответственности китайских правительственных чиновников, ответственных за преступления против человечности, чтобы удержать Китай от подобных действий в будущем.

В январе Государственный департамент США определил, что китайское правительство совершает геноцид против уйгуров в СУАР, сославшись на лагеря для интернированных, в которых содержится около 1,8 миллиона человек, многие из которых подвергались пыткам или другим видам насилия.

США и ряд других стран наложили санкции на китайских чиновников, ответственных за злоупотребления в отношении уйгуров, а также на китайские правительственные учреждения и компании, подозреваемые в использовании уйгурского принудительного труда для производства таких продуктов, как хлопок, парики, помидоры и поликремний для солнечных батарей.

В Пекине официальный представитель министерства иностранных дел Китая Ван Вэньбинь сказал, что главным вопросом СУАР является борьба с терроризмом, отвечая на вопрос о встрече Блинкена с уйгурами, ранее содержавшимися в лагерях.

«Как мы неоднократно подчеркивали, вопросы, касающиеся СУАР, касаются не этнической принадлежности, религии или прав человека, а борьбы с насильственным терроризмом, экстремизмом и сепаратизмом», - сказал он на пресс-конференции. «Преступления в виде «жестокого обращения», «злодеяний» или «геноцида» никогда нельзя приписывать Китаю».

«Ложь и слухи США были разоблачены тем фактом и правдой, что Синьцзян наслаждается стабильностью и процветанием, а жители там живут счастливой и полноценной жизнью», - сказал Ван Вэньбинь, повторив ответ Пекина с тех пор, как в 2017 году появилась хорошо задокументированная система лагерей для интернированных.

***Розанн Герин***

*Подготовлено и переведено Уйгурской службой РФА.*

*Написано на английском языке*

# АЗАТЛИҚ ОРДЕНИ

*Әхмәтжан Қасиминиң ай-юлтузлуқ «Азатлиқ» ордени тақиған, манчистир бөк вә кастум-бурулка кийип, галстук тақиған образи һәр бир шәрқий түркистанлиқниң қәлбигә орнап кәткән бир нурлуқ сима болуп қалған. Һәтта униң әдәбият дәрислик китаплириға киргүзүлгән шу қияпити Хитай һакимийитини һелиһәм сарасимигә селип, аңлиқ зиялийлиримизниң тутқун қилинишиға вә аталмиш «җинайәт»лириғә «пакт» қилип көрситилди. Әхмәтҗан Қасими Шәрқий Түркистан җумһурийити һөкүмити тәрипидин инқилапқа қошқан төһпилири үчүн йәттә қетим тәқдирләнгән болуп, алған медаллирини толуқ асқан һалдики сүрәтлири һелиһәм мәвҗут. Лекин Әхмәтжан Қасими бу орден-медалларни соруналарға қарап тақиған вә бу арқилиқ мәлум мәнидә учур беришкә тиришқан. Мәсилән, 1946-жили, авғуста Жаң Жиҗуң Ғулҗиға кәлгән чағда Әхмәтжан Қасими башқа медаллирини тақимастин, пәқәтла «Истиқлалийәт (мустәқиллиқ) үчүн күрәш» орденини тақап униң алдиға чиққан вә шу арқилиқ сәясий ирадисидин шәпә бәргән еди. Әршидин Татлиқ сөзләп бәргән мәзкур һекайидә Әхмәтжан Қасими әпәнди немә үчүн қәлбимизгә орнап кәткән образидики «Азатлиқ» орденини даим тақайдиғанлиғиға чүшәнчә берип өтиду.*

Әхмәтжан Қасими инқилаптики зор төһпилири билән үч вилайәт вақитлиқ һөкүмити тәрипидин йәттә қетим орден-медаллар билән мукапатланған еди. Лекин у мәйдисигә даим «Азатлиқ» орденинила тақап жүрәтти.

1949-жили, 4-айниң ахирлири еди. «Иттипақ»тики хизмәтчиләр Ғулжа шәһиридә дағдуғилиқ көчәт тикиш паалийитигә қатнашти. Шу күни Әхмәтжан Қасими яшларға йетәкчилик қилип һәммидин көп орәк колиди. У кәтмән чепишта ажайип чәбдәс еди.

Дәм елиш вақтида яшлар Әхмәтжан Қасимини чөридәп олтуруп, вәзийәт һәққидә униңдин соал сорашти. Әхмәтжан Қасими худди пешқәдәм оқутқучилардәк тәмкин олтуруп, ажайип илмий пактлар билән яшларға дуния вәзийитини чүшәндүрәтти. Дәл шу чағда бир яш ойлимиған йәрдин бир соални сорап қалди:

*- Әхмәт әпәндим, - деди у, - сиз наһайити жиқ орденлар билән мукапатландиңиз, әҗәба башқиларни тақимай, даим мошу «Азатлиқ» орденинила тақайдикәнсиз?*

Бу соал башқиларниму қизиқтурди.

Әхмәтжан Қасими ич-ичидин һозурлинип бир күлүмсириди. У таза һозурлинип күлгәндә көзлири нурлинип, чирайини тәбәссум қаплайтти.

- Жигит, - деди у, һелиқи яшниң мүрисини қеқип, - ***инсан үчүн җаһанда азатлиқтин улуқ, азатлиқтин бәхитлик нәрсә йоқ. Түмән миң йоқсуллар қатарида мәнму шу азатлиққа тәшна…*** Һазир йерим азат болдуқ. Йәттә вилайәттики хәлқимиз йәнила азап ичидә һоқуксиз, әрксиз қул болуп яшаватиду… Улар бу азатлиққа биздинму бәттәр тәшна. Биз шу азатлиқ үчүн милтиқ көтүрүп күрәш қиливатимиз. Шуңа мән азатлиқни һәммидин артуқ билимән. Азатлиқ үчүн күрәш қилимән. Шуңа бу «Азатлиқ» ордениниму мәйдәмдин чүшәрмәймән!

Азатлиқ һәққидики бу гәпни аңлиған яшлар Әхмәтжан Қасиминиң мәйдисидики һелиқи «Азатлиқ» орденига башқидин һәвәс билән қарашти. «Азатлиқ» ордени болса қуяш нурида алтун нур чечип техиму чақнашқа башлиди.

*Мәнбә: «Әхмәтжан Қасими һәққидә һекайиләр», 2-қисим, (түзгүчи Абдураһман Әбәй), Хәлиқ нәшрияти, Үрүмчи, 1986-жили.*

*Мақалини тәйярлиғучи*
**Таран Уйғур**




# ئازادلىق ئوردېنى

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئاي ـ ـ يۇلتۇزلۇق «ئازادلىق» ئوردېنى تاقىغان، مانچېستىر بۆك ۋە كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالىستۇك تاقىغان ئوبرازى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن بىر نۇرلۇق سىما بولۇپ قالغان. ھەتتا ئۇنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلگەن شۇ قىياپىتى خىتاي ھاكىمىيىتىنى ھېلىھەم ساراسىمىگە سېلىپ، ئاڭلىق زىيالىيلىرىمىزنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىغا ۋە ئاتالمىش «جىنايەت»لىرىگە «پاكت» قىلىپ كۆرسىتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابقا قوشقان تۆھپىلىرى ئۈچۈن يەتتە قېتىم تەقدىرلەنگەن بولۇپ، ئالغان مېداللىرىنى تولۇق ئاسقان ھالدىكى سۈرەتلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. لېكىن ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئوردېن ـ مېداللارنى سورۇنلارغا قاراپ تاقىغان ۋە بۇ ئارقىلىق مەلۇم مەنىدە ئۇچۇر بېرىشكە تىرىشقان. مەسىلەن، 1946 ـ يىلى ئاۋغۇستتا جاڭ جىجۇڭ غۇلجاغا كەلگەن چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى باشقا مېداللىرىنى تاقىماستىن، پەقەتلا «ئىستىقلالىيەت (مۇستەقىللىق) ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنىنى تاقاپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان ۋە شۇ ئارقىلىق سەياسىي ئىرادىسىدىن شەپە بەرگەن ئىدى. ئەرشىدىن تاتلىق سۆزلەپ بەرگەن مەزكۇر ھېكايىدە ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندى نېمە ئۈچۈن قەلبىمىزگە ئورناپ كەتكەن ئوبرازىدىكى «ئازادلىق» ئوردېنىنى دائىم تاقايدىغانلىقىغا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىنقىلابتىكى زور تۆھپىلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يەتتە قېتىم ئوردېن ـ مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان ئىدى. لېكىن ئۇ مەيدىسىگە دائىم «ئازادلىق» ئوردېنىنىلا تاقاپ يۈرەتتى.

1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. «ئىتتىپاق»تىكى خىزمەتچىلەر غۇلجا شەھىرىدە داغدۇغىلىق كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ياشلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ھەممىدىن كۆپ ئورەك كولىدى. ئۇ كەتمەن چېپىشتا ئاجايىپ چەبدەس ئىدى.

دەم ئېلىش ۋاقتىدا ياشلار ئەخمەتجان قاسىمىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ۋەزىيەت ھەققىدە ئۇنىڭدىن سوئال سوراشتى. ئەخمەتجان قاسىمى خۇددى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردەك تەمكىن ئولتۇرۇپ، ئاجايىپ ئىلمىي پاكتلار بىلەن ياشلارغا دۇنيا ۋەزىيىتىنى چۈشەندۈرەتتى. دەل شۇ چاغدا بىر ياش ئويلىمىغان يەردىن بىر سوئالنى سوراپ قالدى:

ـ ئەخمەت ئەپەندىم، ـ ـ دېدى ئۇ، ـ سىز ناھايىتى جىق ئوردېنلار بىلەن مۇكاپاتلاندىڭىز، ئەجەبا باشقىلارنى تاقىماي، دائىم موشۇ «ئازادلىق» ئوردېنىنىلا تاقايدىكەنسىز؟

بۇ سوئال باشقىلارنىمۇ قىزىقتۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىچ ـ ـ ئىچىدىن ھوزۇرلىنىپ بىر كۈلۈمسىرىدى. ئۇ تازا ھوزۇرلىنىپ كۈلگەندە كۆزلىرى نۇرلىنىپ، چىرايىنى تەبەسسۇم قاپلايتتى.

ـ يىگىت، ـ دېدى ئۇ ھېلىقى ياشنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ، ـ ئىنسان ئۈچۈن جاھاندا ئازادلىقتىن ئۇلۇغ، ئازادلىقتىن بەختلىك نەرسە يوق. تۈمەن مىڭ يوقسۇللار قاتارىدا مەنمۇ شۇ ئازادلىققا تەشنا... ھازىر يېرىم ئازاد بولدۇق. يەتتە ۋىلايەتتىكى خەلقىمىز يەنىلا ئازاب ئىچىدە ھوقۇقسىز، ئەركسىز قۇل بولۇپ ياشاۋاتىدۇ... ئۇلار بۇ ئازادلىققا بىزدىنمۇ بەتتەر تەشنا. بىز شۇ ئازادلىق ئۈچۈن مىلتىق كۆتۈرۈپ كۆرەش قىلىۋاتىمىز. شۇڭا مەن ئازادلىقنى ھەممىدىن ئارتۇق بىلىمەن. ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن. شۇڭا بۇ «ئازادلىق» ئوردېنىنىمۇ مەيدەمدىن چۈشۈرمەيمەن!

ئازادلىق ھەققىدىكى بۇ گەپنى ئاڭلىغان ياشلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەيدىسىدىكى ھېلىقى «ئازادلىق» ئوردېنىغا باشقىدىن ھەۋەس بىلەن قاراشتى. «ئازادلىق» ئوردېنى بولسا قۇياش نۇرىدا ئالتۇن نۇر چېچىپ تېخىمۇ چاقناشقا باشلىدى.

مەنبە: «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر» 2 ـ قىسمى، ئابدۇراھمان ئەبەي ،خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۈرۈمچى.

ماقالنى تەييارلىغۇچى:
تاران ئۇيغۇر

## Дуния уйғур қурултейининң 7-нөвәтлик вәкилләр қурултейини Чехиянинң пайтәхти Прагида чақириш қарар қилинди

Дуния уйғур қурултейи 14-июль күни мәхсус баянат елан қилип, 7-нөвәтлик вәкилләр Қурултейининң 2021-жили, 11-айнинң 12-күнидин 14-күнигичә Чехиянинң пайтәхти Прагада өткүзүлидиғанлиғини жакарлиди.

Дуния уйғур қурултейининң Ижраийә комитети 7-айнинң 10-күни вә кейинки күнләрдә арқа-арқидин жиғин чақирип, музакирә қилиш арқилиқ, 7-нөвәтлик вәкилләр Қурултейини 2021-жили, 11-айнинң 12-күнидин 14-күнигичә Чехиянинң пайтәхти Прагида өткүзүш қарарини алди.



Биз бу кетимки Қурултай һәққидә техиму тәпсилий мәлумат елиш үчүн ДУҚ рәиси Долкун Әйса билән сөһбәт елип бардуқ. Бу кетимки қурултайнинң интайин муһим әһмийәткә егә қурултай болидиғанлиғини баян қилип мундақ деди:

«ДУҚнинң 7-нөвәтлик қурултейи, Хитай һакимийити Шәрқий Туркистандики иркий қирғинчилиқ жинайитини давам қилдуруватқан, дуниядики демократиялик дөләтләр Хитайнинң бу жинайитини қаттиқ әйипләватқан вә сораққа тартиватқан, шундақла дуниядики һәр қайси дөләтләр Бирләшкән Дөләтләр Тәшкилатида уйғур мәсилисидә Хитайға қарши туруш яки қоллаш бойичә икки қутупқа бөлүнгән, униң билән бир вақитта дунияниң сәясий вәзийитидә зор бурулуш йүз бериватқан алаһидә бир иртқә. Бу нуқтидин ейтқанда , бу кетимки Қурултай, алаһидә муһим әһмийәткә егә қурултай».

ДУҚ рәиси Долкун Әйса әпәнди бу кетимки Қурултайнинң мувәппәқийәтлик өткүзүлүшининң вәтән сиртида елип бериливатқан миллий азатлиқ инқилавининң бунииндин кейинки тәрәққияти үчүнму зор әһмийәткә егә екәнлигини баян қилип мундақ деди: «Дуния уйғур қурултейи, нөвәттә хәлиқарадики Шәрқий Түркистан дәвасиға вәкиллик қиливатқан мәркизий тәшкилат болуш сүпити билән, униң миллий дәва ишлиридики мәсъулийити вә мәжбурийити һәрқандақ вақиттикидин техиму ешип бармақта. Мошу нуқтидин елип ейтқандиму, 7-нөвәтлик Қурултайнинң мувәппәқийәтлик ечилиши вәтән сиртида елип бериливатқан миллий азатлиқ һәрикитимизнинң бунииндин кейин һәм изчил, системилиқ вә утуқлуқ давам қилишида зор әһмийәткә егидур.

Бу кетимки Қурултай, һәр қайси дөләтләрдики шәрқий түркистанлиқларнинң демократиялик усул билән сайлап чиққан қурултай вәкиллири, көзәткүчиләр вә тәклип қилинған алаһидә меһманларнинң иштирак қилиши билән өткүзүлиду. Қурултайда Дуния уйғур қурултейининң өткән төрт жиллиқ хизмәт доклади, малийә доклади оттуриға қоюлиду, шундақла сәясий дәва ишлиримизни техиму күчләндүрүшнинң чарә-тәдбирлири, стратегиялири музакирә қилиниду вә муһим қарарлар мақуллуқтин өткүзүлиду.

Бу кетимки Қурултайда йәнә ДУҚ рәһбәрлик һәйъитидә йеңи ислаһат елип берилиду. Йәни, демократиялик шәкилдә сайлам өткүзүлүп, Д У Қ нинң ижабий әнъәнисигә варислиқ қилиш билән биргә, бүгүнки дуния йүзлинишигә мас хизмәт қилалайдиған яш, қабилийәтлик вә жәңгивар йеңи рәһбәрлик қошуни сайлап чиқилиду».

Д У Қ елан қилған әхбарат баянатиға асасланғанда, 7-нөвәтлик вәкилләр қурултейида йәнә, Дуниядики уйғурларни қоллаватқан һәрқайси дөләтләр, сәясий партияләр, хәлиқара тәшкилатлар вә уйғурларнинң достлириға кәлгүсидә йәтмәкчи болған бүйүк нишани һәққидә мәлумат берилиду.

Долкун Әйса әпәнди бу кетимки Қурултайда охшимайдиған көз қараштики кишиләрнинң һәммисигә қучақ ачидиғанлиғини баян қилип мундақ деди: «Бу кетимки Қурултай миллий дәва ишлиримизға пайдилиқла болған һәр хил пикир екимлири вә көз қарашларнинң әркин оттуриға қоюлуши үчүн кәңри сорун һазирлап бериду, шуниңдәк, бүгүнгичә, һәр хил сәвәпләр билән миллий һәрикитимиз, жүмлидин ДУҚ ниң сиртида қалған яш, қабилийәтлик зиялийлиримизни мошу Қурултайға тәклип қилимиз.

ДУҚ тор арқилиқ арқа-арқидин жиғин чақирип, мәзкур жиғинларда ДУҚ муавин рәиси Пәрһат Муһәммәди әпәндининиң риясәтчилигигидә, 7-нөвәтлик вәкилләр қурултейиға Тәйярлиқ қилиш комитети қуруп чиқилған. Тәйярлиқ комитети қаримиғида бир қанчә мәсъул һәйъәт тәсис қилинған. Пәрһат Муһәммәди Тәйярлиқ комитетининң нөвәттики әң муһим вәзиписи - вәкилләрни сайлап чиқиш екәнлигини баян қилди.

Бу кетимки Қурултайға қатнишидиған вәкилләрнинң сани 150 қилип бекитилгән болуп, бу санни әһвалға қарап көпәйтишкә болидикән. Пәрһат Муһәммәди әнди вәкил болушни халайдиғанларнинң вәкиллик илтимас қилиши һәққидә мәлумат бәрди.

Қурултай низамнамиси бойичә, һәр үч жилда бир кетим өткүзилидиған вә әслидә 2020-жили 11-айда өткүзүш қарар қилинған 7-нөвәтлик вәкилләр Қурултейи корона вабаси сәвәвидин кечиктүрүлгән еди.

**Әркин Тарим**
2021-07-16

## Вақитниң қиммити вә вақит оғриси

Вақит чирайларға қоруқ, бәдәнләргә ажизлиқ, чач вә сақалларға ақлиқ елип келиш билән биллә әҗәлниму чақирип келиду. Вақитни тохтитип қалғили болмайду. Инсан қудрити уни арқиға чекиндүрәлмәйду. Мана бу – вақит. Мошу вақитниң өзи билим елиш, ижад қилиш, миллити вә вәтини үчүн жан көйдүрүп ишләш, ахирәтлиги үчүн яхши әмәлләрни қилиш пурситидур.

Демәк, бу һаятлиқ мусаписи узун мусабиқиләргә тәйярланған мәйдан болуп, вақитни қәдирләшни билгәнләр вә уни чиң тутуп келишкә тегишлик ишларни вақитда вә мукәммәл қилиш арқилиқ нәтижә яритиш билән Аллаһни вә хәлқини мәмнун қилалайдиғанлар утуп чиқидиған мусабиқә.



Вақит - һаят, вақит-пул, вақит-илим, вақит-саламәтлик, вақит- пән - техника, вақит-қиммәтлик һәр нәрсә. Б ә з и ширкәтләр ахирқи бир минутлуқ вақит ичидә һәссиләп пайдиға еришсә, бәзисиниң бир минут кечикиш вәйран болидиғанлиғи, җиддий қутқузушқа еһтияҗлиқ бәзи кесәлләрниң давалашқа бир минут кечикиш сәвәблик өлүп кетидиғанлиғиму бир реаллиқ.

Инсанниң қолидики әң қиммәтлик нәрсә вақиттур. Вақит инсанниң әң чоң дәсмайисидур. Әһвал бундақ екән, әқил егиси болған инсан вақитниң қәдрини билиши, уни беһудә өткүзүвәтмәслиги, уни өзиниң вә башқиларниң мәнпиити үчүн ишлитишни билиши, шундақла башқиларниң вақтиниму зайә қилмаслиғи лазим.

Үлгүрәлмәслик вә вақтида қилалмаслиқниң сәвәви қандақла бир ишни вақтида қилалмаслиқ, бирәр вәзипини бәлгиләнгән вақтида орунлиялмаслиқ вә қандақла бир ишқа яки бирәр жайға үлгүрәлмәсликниң бирла сәвәви бар. У болсиму, «техи вақит барғу» дәп өзини алдаштин ибарәттур. Һәммә ишни әң ахирқи вақтида алдирап - тез қилидиған адәмләр һәқиқәтән өзини беһудә азаплайдиған кишиләрдур. Мундақларниң қилған иши һәмишә кәмтүк, чолта болиду, һәргиз ғәлибилик болмайду. Чүнки вақитқа реал қилмайдиған адәм һәрқандақ бир ишқа «вақтим бар» муамилисини қилип, башқа ишлар билән болуп қалиду. Нәтиҗидә қилидиған ишини кечиктүрүп қойиду, баридиған йеригә кечикип бариду. Бу арида көп изтирап чекиду, ишини алдирап, тенәп, чала - пучуқ қилиду. Әмма вақитқа риайә қилидиған адәм һәрқандақ ишни вақтида ада қилиду, баридиған йеригә вақтида бариду, изтирап чәкмәйду, кечикип келип ақизада болмайду, һәммә ишни тәмкинлик билән қилиду. Мундақ адәм һузур вә хатирҗәмлик ичидә болиду.

Нәтиҗә қазанғанлар һәмишә вақитниң тарлиғидин дәртлиниду.

Һаятида чоң ишларни қилған вә катта нәтиҗиләрни яратқан инсанларниң көчүрмишлиригә қарайдиған болсақ, улар һәмишә вақитниң тарлиғидин дәртлинидикән, бүгүнки ишни әтигә қоймайдикән. Чүнки, улар дилдики, тиришчан адәмләр үчүн вақит алтундин қиммәтликтур. Тиришчан адәмләр һәмишә вақитниң тарлиғидин дәртлиниду вә күндүзни кечигә улиғуси келиду. Әмма бекар тәләпләр үчүн күн өтсә, саат тошса болди. Вақитниң қәдрини билмигәнләр һәмишә башқиларниң вақтини оғрилайдиған бепәрвалардур.

Вақит оғриси пул-мал оғрисидәкдур.

Әпсуски, башқиларниң пул-мелини оғрилиған адәмни кишиләр оғри дәп әйипләйду, әмма кишиләрниң қиммәтлик вақтини оғрилайдиған бепәрвалирини һечким әйиплимәйду. Һалбуки, вақит оғрисиниң қилмиши мал оғрисиниң қилмишидин әлвәттә еғирдур, чүнки бир адәмниң вақтини оғрилиғанлиқ, униң пул -мелидин оғрилиғандин ямандур.

Саат манчигә дәп вәдә берип қойуп, вәдиләшкән жайға вақтида бармаслиқ әң қәбиһ әхлақсизлиқ вә башқиларниң вақтини, өмрини оғрилиғанлиқтур.

Керәк болғини, вақитни сәрп қилиш әмәс, вақиттин пайдилиништур. Вақитни мәнисиз сәрп қилған адәм уни зайә қилған болиду, әмма вақиттин пайдиланған адәм нәтиҗә қазиниду. Мусулман адәмниң һаятида вақит - ибадәттур. Чүнки мусулман адәм Аллаһ-Таалаға қулчилиқ қилиш (йәни Аллаһ-Таала көрсәткән бойичә һаят кәчүрүш) үчүнла бу дунияда мәвҗуттур. (Мана бу Аллаһ-Тааланиң жинларни, инсанларни пәқәт маңа ибадәт қилсун дәпла яраттим)[1] дегән сөзиниң мәнисидур. Әмма, мусулман әмәсләрниң, хусусән, ғәрбликләрниң нәзиридә «вақит - пулдур» дегән пәлсәпә һөкүм сүриду. Бу пәлсәпини Һәсән Бәсриниң «Мән һаятимда өзиниң вақтини алтун, күмүштин қиммәтлик билидиған кишиләрни көрдүм» дегән сөзигә селиштурғинимизда, вақитниң мусулманниң һаятида нәқәдәр қиммәтлик, нәқәдәр әһмийәтлик екәнлигини билип йетимиз. Чүнки алтун, күмүш зайә болуп кәтсә, уни ишләп тапқили болиду, әмма өмүр зайә болуп кәтсә, уни қайтуруп әкәлгили болмайду.

Бир бағлам пулни көйдүрүвәткән адәмни кишиләр сараң дәйду. Әмәлийәттә болса, өзиниң вақтини беһудә ишлар билән, оюн - тамаша билән зайә қиливәткән адәм һәқиқий сараңдур. Чүнки, вақит пулдин қиммәтликтур. Бәзи ширкәтләр бир минут вақит ичидә һәссиләп пайдиға еришсә, бәзисиниң бир минут вақит ичидә вәйран болидиғанлиғи, җиддий қутқузушқа еһтияҗлиқ кесәлләрниң давалашқа бир минут кечикип келиш сәвәплик өлүп кетидиғанлиғиму реаллиқ. Пәйғәмбәр Әләйһиссалам бу һәктә: «***Көпинчә кишиләр қәдрини биләлмәйдиған икки нәрсә бардур: Униң бири тән сақлиғи, йәнә бири вақиттур***»[2] дәп көрсәткән.

[1] Зарият сүриси, 56-айәт.
[2] Имам Бухари ривайити

**Муһәммәт Юсүп,**
Turkistantimes тори

# Вәтән дәвасиниң актив күрәшчиси

*(Турсун Исламниң туғулған күниниң 85 йешиға даир)*

Қирғизстан уйғур жамаәтчилигиниң көрнәклик әрбаби, хәлиқара майданда хәлқимизниң дәвасини көп жиллардин бери көтүрүп келиватқан Бишкәктики «Демократия» инсан һоқуқлирини қоғдаш тәшкилатиниң рәиси Турсун Нияз оғли мана мошу жили өзиниң туғулған 85 жиллиғиниң тәвәллудини нишанлаватиду.

У 1936-жили, 9-май күни Уйғуристанниң Ғулжа шәһиридә туғулған. Башланғуч вә оттура мәктәпни мошу шәһәрдә тамамлап, 1952-жилдин 1954-жилиғичә Үрүмчи шәһиридики сода-ихтисат техникумимиң ихтисат бөлүмини әла дәрижидә пүтирип, 1955-жилниң июнь ейигичә Ғулжа шәһәрлик «Жип маллар содиси» идарисида ихтисатчи вә дукан мудири болуп хизмәт қилған. 1955-жили, июль ейида Қирғизстанға көчүп чиқип, 1966-1972- жиллири Қирғизстан Дөләт университетиниң һоқуқ кафедрисида оқуп, уни муваппәкийәтлик билән тамамлиғандин кейин, 1972-жилдин 1996-жилиғичә Қиргизстанда һоқуқ-саһаси бойичә мәслиһәтчи адвокат вә Кара-Балта шәһәрлик һөкүмитиниң һоқуқ бөлүминиң башлиғи қатарлиқ хизмәтләрни өтүди. 1996-жили болса пенсияғә чиқти.

Һәммигә мәлумки, 1997-жили, 5-февралда Ғулжа шәһиридики бир түркүм яшлар тинчлиқ намайиш өткүзүп, өзлириниң инсаний һоқуқлирини һимайә қилип, хитай даирилиригә өз әризә-шикайәтлирини баян қилған. Лекин хитай һөкүмәт органлири яшлар билән тинчлиқ музакириләр жүргүзүшниң орнига уларни оққа тутқан. Нәтижидә көплигән уйғур яшлири өлгән вә яридар болған, миңлиған яшлар түрмиләргә ташлинип, қийин-қистаққа елинған. Бу пажиә чақмақ тезлигидә пүтүн дуняға йейилған. Шу мунасивәт билән 1998-жили Орта Асиядики уйғур вәтәнпәрвәрлири, жүмлидин алмутилиқ Сабит Абдурахманов, Қәһриман Ғожамбәрдиев вә Турсун Исламларниң тәшәббускарлиғи билән 1998- жили Туркияниң Стамбул шәһиридә Хәлиқаралиқ Шәрқий Туркистан миллий мәркизи қурулди. Миллий мәркәзниң қурултейида қурултай рәһбәрлири Турсун Исламға Интизам тәкшүрүш комиссиясиниң рәислик вәзиписини тапшурди. Шуниңдәк, у 1999-жили, октәбрь ейида Германияниң Мюнхен шәһиридә ечилған иккинчи нөвәтлик Шәрқий Туркистан (Уйғуристан) миллий қурултейиға Қиргизстандин вәкил болуп қатнишип, баш тәптиш вәзийисигә тайинланди. Вәтән дәвасини хәлиқара сәһнигә көтириштә 1998-жили, Анкара шәһиридә, йәни Туркия парламенти мунбиридә сөз қилип, Шәрқий Туркистан хәлқиниң бүгүнки пажиәлик әһвалини сөзләп, уйғур вә башқа туркий хәлиқләрниң һәққаний, миллий азатлиқ күришини Туркия һөкүмитиниң қоллап-қувәтлиши керәк екәнлигини, бу Мустафа Камал Ататүркниң вәсийити екәнлигини тәкитләп өткән.



Хитай һөкүмитиниң уйғурларға карита коллиниватқан геноцид (қириш, йоқ қилиш) сәяситигә қарши наразилиқ билдүрүп, 1997- жили 21-февралда вә 1999-жили, 10-декабрь күни Бишкәктики хитай әлчиханиси алдида пикет-намайиш уюштурулуп, хитай баш әлчисигә наразилиқ хәт тапшурулди. Турсун Ислам уйғурларниң инсаний һоқуқлирини қоғдап, хитайларниң уйғурларға коллиниватқан дөләтлик терроризм һәрикитини дуняға аңлитиш үчүн, 2000-жили, ноябрдә Әстонияниң пайтәхти Таллинн шәһиридә өткүзүлгән Дуния уйғур яшлириниң қурултейиға, 2001-жили Бельгияниң мәркизи Брюссель шәһиридә Европа парламенти бенасида ечилған «Инсан һәқлири илмий муһакимә жиғиниға 2002-жили, май ейида Вашинтонда ечилған «Америка уйғур бирләшмиси» жәмийитиниң қурултейиға, шундақда, 2002-жили, 3-ноябрда Албанияниң пайтәхти Тирана шәһиридә ечилған Хәлиқаралиқ транснационал радикал партиясиниң конгрессиға қатнишип «Инсан һоқуқи вә терроризм» темисида сәясий доклад қилди.

Турсун акимиз Һашир Ваһиди башчилиғида қурулған Уйғуристан азатлиқ тәшкилатида (1991-жили) көрнәклик ролларни ойниған, Қирғизстан уйғурлири ичидин чиққан салмақлиқ вәтәнпәрвәр инсанларниң бири.

Мән Турсун акимиз билән 2014, 2017 – жилларда Германияниң Мюнхен шәһиридә өткүзүлгән Дуния уйғур қурултейиниң (ДУҚниң) қурултай вә паалийәтлиригә биллә қатнаштим. Һөрмәтлик Турсун Ислам акимизни бизниң, уйғур яшлиримиз үчүн вәтинимизни, миллитимизни сөйүшкә ибрәт болидиған вәтәнпәрвәр инсанларниң бири дәп һесаплаймән. У бүгүнки күндә инақлиқ, бәхитлик аилиниң дадиси вә бовиси. Аяли Аминәм һәдимиз врач, пенсиядә. Икки қизи, бир оғли вә төрт нәвриси бар. Мана бүгүнки Турсун акимизниң қутлуқ 85 яшлиқ туғулған күниниң тәвәллуди билән акимизға, униң аилисигә Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» жәмийити вә «Иттипақ» гезити редакцияси тәрипидин сақ-саламәтлик, узун өмүр, бәхит-саадәтләрни тиләймиз.

**Абдурәхим Һапизи,**
**тарихчи, сәясий пәнлириниң магистри**

# Ильяс Азизов - серебряный призер Кубка мира по спортивной гимнастике



Недавно абсолютный чемпион Казахстана по спортивной гимнастике Ильяс Азизов занял второе место на этапе Кубка мира по спортивной гимнастике в словенском городе Копере.

Спортсмен завоевал серебро в упражнениях на коне. В финале Ильяс Азизов набрал 13, 950 баллов. Победу в этом виде программы одержал Рис Мак Клинаган из Ирландии -15, 450 баллов. Замкнул тройку лучших Александр Мякинен (Израиль) - 13, 850 баллов. Данная серебряная медаль Ильяса стала второй в копилке медалей в активе сборной Казахстана на Кубке мира.



*«Прежде всего спортивная гимнастика для меня - это большой спорт. Спорт, позволяющий оттачивать свой характер, приспосабливаться к любым сложностям, преодолевая трудности. Она помогает развивать гибкость, силу, выносливость. И здесь я бы хотел сказать, что наш вид спорта - он координационно сложный и травмоопасный. В этом есть что-то такое, которое чарует, заставляет быть предельно сконцентрированным. И я считаю, что каждому стоит попробовать провести несколько тренировок из-за новых ощущений, которые этот человек получит. Основная сила вида спорта сосредоточена в трудолюбии и упорстве»,* сказал Азизов.

Сайт **doppalife**

# МЕДИКИ В БОРЬБЕ ПРОТИВ ПАНДЕМИИ КОРОНАВИРУСА

*Под санитарно-эпидемиологическим благополучием населения понимается такое состояние общественного здоровья и среды обитания людей, при котором отсутствуют опасное и вредное влияние ее факторов на организм человека и имеются благоприятные условия для его жизнедеятельности.*

*Ко Дню медика, профессионального праздника, который прошел в июле месяце. В этой статье мы вас познакомим именно с такими нашими соотечественницами, которые посвятили свою жизнь такой профессии как врач, медсестра, лаборант – в сфере санитарно-эпидемиологического контроля. Немного о том, что представляет эта сфера.*

*Санитарно-эпидемиологический контроль (санитарно-эпидемиологический государственный надзор) — деятельность по предупреждению, обнаружению, пресечению нарушений в области обеспечения санитарно-эпидемиологического благополучия населения в целях охраны здоровья населения и среды обитания человека. Целью санитарно-эпидемиологического надзора является предупреждение возникновения острых инфекционных заболеваний среди населения.*

*Также, надзор государства за соблюдением работодателями санитарно-гигиенических и санитарно-противоэпидемиологических норм и правил, осуществляемый специально уполномоченным федеральным органом исполнительной власти.*

*По итогам проверки (экспертизы) выдается санитарно-эпидемиологическое заключение.*

*При пересечении границы санитарно-эпидемиологическому контролю обычно подвергаются: пищевые продукты (в том числе табачные изделия и табачное сырье), товары для детей, товары бытовой химии, парфюмерно-косметические средства, изделия из натурального сырья, подвергающегося в процессе производства обработке и т.д.*

*У нас много очень хороших докторов, все они безусловно помогают нам вылечиться от недугов. Но, смотрите один нюанс: Вы приходите в больницу к своему врачу или вызываете его надом, он вас осматривает, слушает вас внимательно ставит вам предварительный диагноз, и чтобы продолжить лечение дальше, он выписывает направление на сдачу анализов, чтобы уже точно убедиться в поставленном диагнозе и лечение. С этого момента давайте остановимся и расскажем именно про тех людей, без которых даже самый хороший врач не обойдется. Это наши санврачи, лаборантки – самые важные медики, особенно сейчас вовремя пандемии.*

*Они были первыми лаборантами в нашем городе, который начали работать с новой коронавирусной инфекцией» Пандемия COVID-19 объединила всех работников сферы здравоохранения вокруг единой цели – победить. Команда врачей, фельдшеров, медицинских сестер, лаборантов, водителей, санитаров, волонтеров стала главным оружием в борьбе с особо опасной инфекцией. Невозможно переоценить роль каждого из них – вот уже 10 месяцев они на высоком профессиональном уровне выполняют поставленные задачи.*

*В современной медицине без точных лабораторных анализов невозможна достоверная и окончательная постановка диагноза, от которой зависит правильность назначаемого лечения.*

*Лаборанты занимается не только лабораторными анализами и оформлением их результатов, но и принимает участие в лечебной и научной деятельности отделения клиники или больницы. Анализ и систематизация полученных данных также входит в обязанности сан-лаборанта. Обязанности лаборанта клинической, биохимической, микробиологической, вирусологической, иммунологической, гистологической или другой лаборатории в лечебно-профилактическом, санитарно-профилактическом или научно-исследовательском медицинском учреждении.*

*Здесь нам хочется особо отметить из нашей уйгурской общественности нашей республики нижеследующих медицинских работников:*



***Якупова Рахилям Абдурахмановна***, родилась 15 июля 1958 года в селе Мазар Кульджинского района СУАР (КНР). 1962 году переехали в Казахстан. После окончания средней школы в селе Чон-Чиган Панфиловского района Казахстана в 1975 году она поступила в медицинское училище в Ташкентской области, в 1978 году окончив его с красным дипломом, в этот же год, по направлению поступила в Ташкентский Государственный медицинский институт (Факультет санитарии и гигиены). В 1984 году она окончила ВУЗ. Ее направили в Хаваский район Сырдарьинской области на трехлетнюю стажировку, а после окончания Рахилям взяли на работу как младшего сотрудника Ташкентского научно-исследовательского института. Вернувшись в Бишкек, в 1989 году она поступила на работу в городскую санитарно-эпидемиологическую станцию в качестве бактериолога.

Затем Рахилям работала до 1994 года, потом переехала в Казахстан с семьей, а затем вернулась в 2000 году в город Бишкек, продолжила трудовую деятельность как врач-эпидемиолог на Аламединской ГЭС. В 2006 году Рахилям Абдурахмановна по состоянию здоровья оставила любимую работу. В настоящее время Рахилям Абдурахмановна на пенсии. У нее есть сын и дочь, и она счастлива со своими пятью внуками. «Газета «Иттипак» является одной из моих любимых изданий, и мои стихи не раз издавались на страницах этой газеты» добавляет о себе Рахилям Абдурахмановна.



***Иминова Разия Ахмеджановна***, родилась 7 июля 1969 года в г. Фрунзе (ныне г. Бишкек). Училась в средней школе № 11, после окончания школы поступила в медицинское училище. Начала свою трудовую деятельность с 1989 г в бактериологической лаборатории Центра Государственного санитарно-эпидемиологического надзора г. Бишкек (ЦГСЭН). В данный момент она работает в баклаборатории на ресепшене, где ведет прием забор биоматериала и осуществляет выдачу результатов анализа. За годы своей работы была награждена грамотами от ЦГСЭН, а также Почетной грамотой от Свердловской райадминистрации г. Бишкек. Во время пандемии Covid-19 сотрудники ЦГСЭН одними из первых, которые дежурили в аэропорту «Манас». Среди них была Разия Ахмеджановна, которая дежурила и вела забор на ПЦР тесты у прибывших с заграницы в марте 2020 года. Она как опытный медработник делает свою работу быстро с профессионализмом. Разия Ахмеджановна - жизнерадостный и открытый человек. Она хорошая хозяйка, любящая мама и бабушка. Замужем, у нее есть дочка и сын, прекрасный зять и сладкий внук.



***Касымова (Ибрагимова) Мунавар Салайдиновна*** родилась 1 августа 1962 года в г. Кульджа (СУАР). В 1963 году с семьей переехала в Кыргызстан, в г. Фрунзе (ныне Бишкек). В семье, пятый ребенок. Имеет 2 братьев, 2 сестер, и 1 сестренку. В 1979 г. окончила Лебединовскую среднюю школу №2. В 1982 году окончила Фрунзенское медицинское училище. После окончания училища сразу же принялась работать в городской санэпидстанции. В 1986 году вышла замуж. Работает в этой структуре 40 лет, из них 24 года работает в санэпидемстанции. Имеет высшую категорию. Каждые 3 года учится на повышении квалификации, а каждый 5 лет сдает экзамен на подтверждение квалификации высшей категории в городской санэпидстанции, была награждена почётными грамотами. В 2006 году перешла работать в ДГСЭН (Департамент государственного санитарного эпидемиологического надзора) и посей день добросовестно трудиться. В 2013 году Мунавар Салайдиновна награждена званием «Отличник здравоохранения КР». В 2020 году за активный кропотливый труд во время пандемии была награждена нагрудным знаком «*За особые заслуги и отличие в общественном здравоохранении*». Мунавар - замечательная жена, (супруг Нуртай), заботливая мама, имеет троих дочерей, (Хальчибюви 1987 года, Нурбюви 1989 года, Мубаряк 1994 года рождения) прекрасная бабушка 9 внуков.



***Алиева Гульбахар*** родилась 29 апреля 1966 года в г. Фрунзе (ныне г. Бишкек) в семье рабочих. Родители - уроженцы СУАР(КНР), мама - Алиева Рукиям из г. Кульджи и папа Ахмедов Мухамматрози из г. Кашгар. Детство прошло в городе Фрунзе. После переезда в г. Ташкент и окончания средней школы поступила в Республиканское медицинское училище им. Ахунбабаева на факультет «Санитарного фельдшера». После окончания училища в 1987 году, начала свою трудовую деятельность в Чиланзарской СЭС помощником эпидемиолога. В 1988 году вышла замуж в г Фрунзе, здесь продолжила свою трудовую карьеру, работала помощником санитарного врача «По гигиене детей и подростков» в городской СЭС до 2015г. С 01.04.2015г переводом стало работать в Аламудунской СЭС помощником санитарного врача по отделу Государственного санитарного надзора по всем вопросам гигиены. За свою трудовую деятельность и добросовестность награждена почетными грамотами, имеет звания «*Отличника здравоохранения КР*».

Особенно усиленно она стала работать в связи с пандемией коронавирусной инфекции, помогала и по эпидемвопросам по очагам Covid-19 с выездом на места эпидемрасследования забора на ПЦР тесты и кровь, на экспресс тесты, также по гос. организациям правоохранительных органов. Она выступала по телевидению, писала статьи в печать и вела активную санпросвет работу в виде семинаров, лекций и бесед с вручением санитарных предписаний. В данное время кроме работы в СЭС дежурит в СКП КПП «Ак Жол» круглосуточно с целью профилактики. Замужем, имеет 3 детей 2 девочек и 1 сына. Старшие дети женаты, имеет 4-х внуков.

*Такие наши медики, гордость Кыргызстана и уйгурского народа, которые живут в нашей стране. Меня переполняет ощущение гордости за наших медицинских работников. Благодарим наших медиков за проделанную работу, за их вклад в улучшение санитарно-эпидемиологической ситуации в стране в период пандемии коронавируса. Среди самих медиков 32% признались, что во время эпидемии с еще большим уважением стали относиться к себе и своим коллегам. Большинство медиков (61%) испытывают профессиональную гордость за то, что они работают в системе здравоохранения. Многие медики уверены, что эпидемия помогла людям пересмотреть взгляды на жизнь и на свои возможности. А мы от Общества уйгуров «Иттипак» и редколлегии газеты «Иттипак» желаем всем медицинским работникам прежде всего здоровья, успехов в работе и личной жизни.*

***Зумрат Рузиева,***
*главный редактор газеты «Иттипак»*



ئابدۇخەبىر قادىر ئەركان

ئەركان قادىر 1990-يىلى خوتەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. 2005-يىلى شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن. هازىر تۈركىيەدە تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئوقۇماقتا. ئەركان ئەرەب ۋە تۈرك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئەسلى تىلدىن بىۋاستە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنغان. ئۇ يەنە "تىلسىز قۇشلار" (مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلار توپلىمى) "تۇرنا" (ئابدۇ ئاببەسنىڭ شېئىرلار توپلىمى)، تەھرىرلەشكە، قوتادغۇبىلىكنىڭ شېئىري نۇسخىسىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە تەييارلاش خىزمىتىگە، ÇAĞDAŞ UYGUR ŞİİRİ” ANTOLOJİSİ” ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. ئۇ هازىر دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى دائىمىي هەيئەت ئەزاسى.

رېداكسىيە

## شېئىردىكى سەن

بىر قەسىدىدە
بىر ئورۇشنى كۆرسەن بەزىدە
ۋە كىچىككىنە خاتىرجەملىكنى
مەسىلەن: سۆيگۈ دېگەندەك...
ياكى بىر چېكىنىش
ياكى ئاسمىنىڭنىڭ ئەسلى
رەڭدىن چوڭقۇرلۇقىقا يۈزلىنىشنى
بۇلۇتلارنىڭ سوغۇق يىغىنى
يىغلاپ بولغىنىدىن كېيىن...

بىر قەسىدىدە
ئۇ قىزنىڭ يۈزىنى كۆرسەن بەزىدە
غېرىپ شەھەرلەردە
يۇمۇلمىغان جەسەت كۆزىدە
مەسىلەن: ۋىسالغا يەتكۈزگۈچى بىركىتاپ
قەلەم - قەغەزسىز يازغۇچى يازغان
قارىغۇ بىر قۇشنىڭ كۆزىگە...
ياكى بىر قول ئىشىك تۇتقۇچىدا
ئۇنتۇلۇپ قالغان
بويىقى تۆگەپ كەتكەن رەسسام سىزغان
ئازاپلىق بىر ئادەمنىڭ يۈزىگە...

بىر قەسىدىدە
كۆرسەن خىيالنىڭ كەڭرىلىكىنى
جۇغراپىيەنىڭ بەكلا تارلىقىنى
ساڭا بېرىلگەن بەكلا ئازلىقنى
ئازغىنە ئۆمىر...
ئازغىنە هايات...

بىر قەسىدىدە...
كۆرسەن ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭلىكىنى
مەسىلەن: هېچنىمە دېگەندەك...

## ۋەسىيەت

مەن ئۆلگەندە
هەممىڭلار سۆزلىمەس بولسىلەر
سىرلىرىمغا قاراش بىلەن كۇپايىلىنسىلەر
سەن ياكى ئۇ ئېزىقىشتا يۇرگۈچى
سىلەرگە كۇپايە قالايمىقان تېكىست
ياكى ئاۋاز
ۋە ياكى ئالۋۇن تارىدا چېلىنغان بىر ساز.

مەن ئۆلگەندە تۆگەر بەلكى سارائلار
تۆگەر بىكار سۆز، قۇرۇق پاراڭلار.
ئېھ، بوش كومزەك، چېقىلغان قەدەھ
ئېچىلىدۇ مەن كۆمۈپ قويغان ياراڭلار.

مەن ئۆلگەندە
ئەي ئادەملەر، ئوتسىز ئادەملەر
ئىزدەيسىلەر نىهايىتىمنى
سورايسىلەر سائادىتىمنى
ئۆزۈڭلار ئۆچۈرگەن قەدەملىرىمدىن...

شۇ ۋاقىتتا قىنىمنى چېپىڭلارغا دەملەيسىلەر
گۆشۈمدە شورپا قىلىپ داستىخانغا
ئەكىلىسىلەر
مەن سۆزلىگەن جۇنۇن سۆزلەرنى
ئوقۇيسىلەر سەھەرنىڭ شامالىرىدىن.

***

ئەي، بەختسىزلىككە مەھكۇم
بولنۇۋالغۇچىلار
ئەي، ئۆزىدە جىمجىت تۇرىۋالغۇچىلار
ئەي، مۇھەببەتسىز تۆرەلمىلەر
ئەي، شور پېشانىلەر
ئىچىڭلاردا قەپەس بار
ناتىۋان قۇشۇڭلارنى قويۇۋېتىڭلار...

## مۇساپىر

1

چاڭلىرىڭنى قاقما ۋەتەنداش،
پۇرىۋالاي سېنى بىر هازا.
يىغلىۋالاي ۋەتەن- ۋەتەن دەپ،
ئانام ئۇچۇن ئاچقاندەك هازا.

كۆزلىرىڭنى يۇمىغىن ئۇزاق،
قارچۇقۇڭدىن كۆرەي ۋەتەننى.
ئاستا- ئاستا تىنىپ بەر ماڭا،
تىنىقىڭدىن پۇراي ۋەتەننى.

سۆزلەپ بەرسۇن ماڭا قوللىرىڭ،
ۋەتەندە سەن تۇتقان قوللارنى.
سۆزلەپ بېرەر پۇتۇڭمۇ جەزمەن،
ۋەتەندە سەن ماڭغان يوللارنى.

خەۋەر بەرگىن ماڭا هەممىدىن،
شەهەرلەردىن سەهرالارغىچە.
خەۋەر بەرگىن تونۇر، تەڭنىدىن،
قۇشلار تىزغان چاڭگىلارغىچە.

بەلكى باردۇر ئالدىراش ئىشىڭ،
كەچۈر مېنى ۋاقتىڭنى ئالدىم.
ۋەتەن دېسە توختىماس يېشىم،
مەن مۇشۇنداق بالاغا قالدىم.

2

يانچۇقۇڭدا لىققىدە دوللار،
ئەتراپىڭدا پەرۋانىدۇر ئاي.
يادىڭغا يەتسە ۋەتەن دېگەن سۆز،
بولسام دەيسەن ۋەتەندە گاداي.

چىڭ باغلانغان تەكلىماكانغا،
زامانلاردىن ئۇيغۇرنىڭ نەسلى.
گۈزەل ئىكەن ئۆزگە گۈللەردىن،
ۋەتەندىكى تىكەنمۇ ئەسلى.

مۇساپىرلىق- ئېغىر غېرىپلىق،
يۇرەر يولدا قەلبى يوق ئادەم.
كۈندە قارغار روھىڭمۇ سېنى،
تېشىڭدا كۈلكە ئىچىڭدە ماتەم.

تەكلىماكان ئۇيغۇرنى تۇغقان،
ئانىسىنى سېغىنماس كىم بار؟
مۇساپىرنىڭ ئېچىلماس گۈلى،
ۋەتىنىدە قالغاندەك باهار.

## ئۆنىڭ سۆيگۈسى

مەن ئۇنى پەرىشتىمىكىن دەيمەن
رەهمەت بۇلۇتلىرىغا مىنگىشىپ يۇرگەن
مەن ئۇنى دېڭىزمىكىن دەيمەن
قاغجىرىغان قىرغاقلىرىمغا تىنماي ئۇرۇلغان
مەن ئۇنى باهارمىكىن دەيمەن
ئازابىمدا شېرىن كۆكلىگەن
مەن ئۇنى هاياتىمكىن دەيمەن
ياششىمغا سەۋەب بوپ قالغان
مەن ئۇنى روهىممىكىن دەيمەن
مۇدهىش بىر تۈندە مەندىن يوقىغان
مەن ئۇنى مەنمىكىن دەيمەن
ئەسىرلەردىن بىرى تىنماي ئىزدىگەن ...

***

ئەي، دىلبەر كۆزىدىكى چەكسىز كائىنات
ئەي، دىلبەر تىنىقىدىن كەلگەن شامال
ئەي، دىلبەر چىھرىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش
ئەي،ئازابقا هاملدار تۈنلەر
سورالماقتا هاياتىمنىڭ بارچە بوشلۇقى
سىغدۇرۇشقا دىلبەر ئىشقىنى
بىلگىنىڭلاردەك مەن ئۆندىن ئۆزگە
بارچىدىن قۇرۇقدالدىم
يوق هايات، يوق هەم ئارزۇلار
يوقىغان شەبنەم ئۈستىدىن ئاينىڭ شولىسى
يوق گۈللەر، يوقتۇر قۇشلارمۇ
تۇپراق ئېغىر هەسرەتتە
پەقەت مەندە قالغىنى
ئۆنىڭ هەممە بولغان ئاشۇ سۆيگۈسى...

## ئۇ قايتقان بولسا

قەيەردە سەن ئەي...
قايسى باغچىدا غەملەرگە چۆكتۈڭ؟
قايسى تۇۋرۈككە يۆلىدىڭ
سېنى باسقان هايات غېمىنى؟
ئايلاندىڭمۇ هەقىقەتلەرگە
ئۆچۈپ قالغان شام ئاستىدىكى؟
قايسى پىنھانغا يوشۇرۇندۇڭ
قېچىپ ماڭا قىسمەت بولۇشتىن؟
قامالدىڭ ئېھ، قايسى دېڭىزغا
مەرۋايىتتەك سەدەپ ئىچىدە...
سەن قەيەردە ئۇنۇتتۇڭ مېنى
زادى قەيەردە... قايسى زېمىندا؟
باغچا تاملىرى ئارىسىدىن ئۇندۇڭمۇ
پەرۋىشسىزلا كۆكلىگەن گۈلدەك؟
ئورۇن ئالدىڭ قايسى كۆڭۈلدىن
يۈرۈكۈمدىن كەتكەندىن كېيىن؟

***

قۇياش كۆزگە قارايمەن دائىم،
نۇر ئىچىدىن سېنى چىقار دەپ.
سوزىلىمەن غەمكىن ئايغىچە،
كېچە مېنى... مەن غېمىڭنى يەپ.

كېچە ئۇزۇن شەكتۇر مېنى ئورىغان
كۈندۈز جەزمىيەتتۇر ساڭا ئوخشىغان
توختايدۇ ۋاقىت كۆزۈڭدە بىردەم
بىر مۇزىكىمەن پىراقىڭ چالغان...
ۋاقىت قايتىدۇ تۆنۈگۈنكىدەك
باشلىنىدۇ كېچىنىڭ كۈيى
كىشەن هەمدە قەپەستىكى قۇش
سۆزلەيدۇ ماڭا بىر توپ دەرەخنى
يىلتىزلىرى ساڭا چىرماشقان...

مەن دېڭىز ئۈستىدە
ئىتتىرەر مېنى تەلۋە دولقۇنلار
ئىشقىمىزنىڭ سېغىنچلىرىغا
ۋەدىمىزدىن قالغىنى بىزگە
كۆل توزىغان ساهىلنىڭ چۆشى
يىللارنىڭ يۈزىگە چۆشكەن قورۇقلار
كۆتۈش بىلەن سارغىيىپ كەتكەن
بۇ يەردىن كېتىش ئۇچۇن تەييارلانغان
سۆكۈتنىڭ ئېغىر سومكىلىرى
ئۈمىدسىزلىك چىرمىغان قۇرۇق قەدەھلەر
ئازاپلاردىن چۆل-چۆل چېقىلغان
يىرتىلغان ئۆتمۈشنىڭ سۈرىتى
قالايمىقان ئۆينى بىر ئالغان.

دېرىزىنىڭ نۇرلىرى ئۆچتى
سېنىڭ كۆزۈڭنى كۆرەلمەي ئۇزۇن
قۇرۇپ كەتتى دەرەختىكى ئۇماق ئىلەڭگۈچ
ئەمدى مەنمۇ يوق
بۇ ئۆي تېخىمۇ يالغۇز
بەكلا غېرىپ بىر يولغا كەتتىم
سېنى ئۇچراتمايمەن يولۇمدا بەلكىم.

***

بىلسەن بارالمايمەن...
بىلمەن قايتالمايسەن...

بۇ يىلمۇ يەنە كەتتى قولۇمدىن
سېغىنچىڭنى قالدۇرۇپ ماڭا
مەن يالغۇزمەن كوچىلار ئارا
شادلانغۇدەك هېچنىمەم يوقتۇر
تەكرار سېنى ئويلاشتىن باشقا.
سۆيگۈ رەڭلىك بىر ئوماق بالا
ئۆتۈپ كەتتى ئالدىمدىن ئىتتىك
مەن ئادامەن غەملىرىڭ ئارا
يۈرۈكۈم پۇچۇق... ئىشكلەر ئىتىك
هەر دەقىقە سورايدۇ مەندىن
خوشلىشىش ۋاقتىنىڭ تەسراتىنى
كەتسەم دەيمەن
خىيالىڭ يوق يىراق بىر جايغا.
ئارقىدىنلا ئەسلەيمەن ئۇزاق
قارىغانچە قۇياشقا، ئايغا.
ئاڭلىنىدۇ هەربىر تىنىقىم
ئۇ قايتقان بولسا...
ئۇ قايتقان بولسا.

## هەسەن- هۈسەن ئاستىدا ئېچىلغان گۈللەر

بارماقلىرىڭ بابۇنە گۈلى
كېتىۋاتقان كۆزنىڭ كەينىدىن
ئىسمىمىز يوق هېچبىر دەرەختە
چىغىر يوللار بىزنى ئەسلىمەس
كارۋىتىمىزدا ئۆمۈچۈك تورى
قەسىدىمىزدە كوچىلار رەزىل
ئۇيقىمىزدا ياردار قۇشلار
ئۇۋىسىدىن يىراقلاردا سۇنغان قانىتى
لەۋلىرىڭدە قانىغان ئىسمىم
بىر يېتىم مۇشۇكنىڭ ھەسرىتى كەبى
كۆزۈڭدىلا ئېچىلار پەقەت
ئۈمىدىمنىڭ كۆك پىياز گۈلى...

قىزىقىش، گۇناھ، ساراڭ خىياللار
هايات، ئۆلۈم... هەمدە باشقىلار
ئۇنتۇپ كەتسەم دەيمەن هەممىنى
قالسۇن پەقەت سېنىڭ سۈرىتىڭ
قالسۇن پىياز گۈلى هەمدە بابۇنە
قالسۇن يەنە هەسەن- هۈسەنلەر
بىزسىزلىككە ئوقۇپ مەرسىيە...

# МУҚАМШУНАС АМАННИСАХАН

XVI әсир - уйғур хәлқиниң ижтимаий-сәясий һаятида өзигә хас орун егәлләйду. Яркәнд ханданлиғида Султан Сәидхан вапат болғандин кейин униң орниға оғли Абдурешитхан тәхткә олтуриду. Абдурешитханниң тәхткә чиқиши, бу йәрдә чоң өзгүришләрниң әмәлгә ашурилғанлиғи билән әҗрилип туриду. У алди билән хәлиқниң иқтисадий һаятини яхшилаш чарилирини издәйду. Өзи хәлиқпәрвәр инсан болғанлиғи сәвәблик мәмликәттә турлук саһәниң билимлик инсанлирини, сәнъәт әһлини, алиму-пузаларни жиғип, мәмликәтниң иқтисадий, мәдәний вә сәясий риваҗлинишини үчүн кәң имканийәтләрни яритиду. Униң дәвридә илим-пән, мәдәнийәт, сәнъәт саһәлиридә хелә риваҗлинишлар рой бериду. Музика сәнъитида, болупму уйғур хәлқиниң музика дурданиси болған Он икки муқамни жиғип, уларни илмий җәһәтлирини үгиниш ишлиригә чоң етибар қаритилиду.

Уйғур музика сәнъитиниң риваҗлинишида ижрачи сәнъәткарларниң орни наһайәттә зор. Бу ижрачилар музика әсәрини яритилишидин башлап, уларни келәчәк әвлатларға өзлири вә шагиртлири арқилиқ йәткүзилишигә асасий сәвәпчи болуп кәлгәнләр. Уйғур музика сәнъити тарихида әсирләр давамида көплигән ижрачилар йетишип чиққанлиғинин вә уларниң музика сәнъитини давамлиқ һалда тәрәққий әткүриштә өз һәссилирини қошуп кәлгәнликлириниң гувачиси болуп туруптимиз.

Уйғур музика сәнъити бир нәччә йәрлик (мәһәллий) түрләргә бөлиниду. Улардин әң қедимийлиридин, хәлқимиз музика сәнъити риваҗлинишигә асасий турткә болған йәрлик түрлиридин бири Долан музика сәнъити болуп, бу сәнъәт Уйғуристан зиминида кәң таралғандур. Долан музика сәнъити өзига хас икки хилгә болиниду. Еғиз әнъәнисидики кәспий музика һәмдә фольклор музика. Өтмүштә нота йезиғи болмиғанлиғи түпәйли уйғурлар арисида ағзәки, йәни мурәккәп жанрлар устаздин-шагирткә еғиздин-еғизга өтүш йоли билән сақлинип келинган. Әсирләр давамида ижра етилип, кәң шөһрәт қазинип келиватқан шундақ сәнъәт түрлиридин муқамлар, сәнәмләр, дастанлар, нахшилар һәмдә түрлүк хилдики қошақларни өз ичигә алғинидур.

Долан музика сәнъити тоғрисида дейәрлик язма мәълуматлар бизниң дәвримизгә қәдәр йетип кәлмигән. Лекин хәлиқ еғиз әдәбиятлирида, устазлардин шагиртләргә өтуп, ағзаки әхбарат супитида бизниң дәвримизгә йетип кәлгәнлиги мәълум. XIX әсирдә яшап ,ижат әткән хотәнлик музикашунас Молла Исмитулла бинни, молла Неъмитулла Мөҗиз Хотән һакими Әлишербәкниң тапшуриғиға бинаән өзиниң “Таварихи мусиқиюн” йәни “Музикичилар тарихи” намлиқ илмий әсирини йезип чиқиду. У бу рисалисида музика сәнъитиниң 17 нәпәр пирлири (устазлири) һәққида қизиқарлиқ мәълуматлар бериду. Шулар қатарида, музика сәнъитиниң 17 - пири супитида Яркәнд вилайитида туғулуп, шу йәрдә сәнъәтниң риваҗиға чоң һәссә қошқан музика ижрачиси, бәстикар һәм шаирә мәликә Аманнисахан тоғрисидиму мәълуматлар қалдурған.

“Таварихи мусиқийүн” да Аманнисаханниң һәр тәрәплимә бүйүк иқтидар егиси екәнлиги тоғрисида муәллип төвәндикиләрни язиду: “Худайитаала бу қизға шундақ әқилпарасәт ата қилған едики, тәрипләп олтурушниң һаҗити йоқ. “Диван Нәфиси”ни язди, хотун-қизларға нәсиһәт қилиш мәзмунида “Әхлақи Җәмилә” (Гөзәл әхлақ) намлиқ бир китапни язди. “Шорүһулкулуп” (Қәлбләр шәрһи) намлиқ бир рисалә язди. Шаирлиқ, нәғмичилик вә хәттатлиқ тоғрисида буниңдәк мәнилик китап аз. “Ишрәт әңгиз” (Шатлиқ қозғиғучи) намлиқ бир муқамниму бу мәликә ижат қилған еди. Күчлүк рәшк йүзисидин Султан буни өз намида қиливалған вә шу бойичә нәғмичиләргә үгитилгән. Бу мәликә 34 йешида туғутта вапат болған, дейилиду. Мәликә аләмдин өткәндин кейин, Султан өзини өлтүргидәк һаләткә йетип, сәвдайилиқ кесилигә мүптила болди, Султан ахир жиғлап аләмдин өтти, дейилиду”.



“Таварихи мусиқийүнда” етилғинидәк Аманнисахан бәстикар супитидиму, шаирә супитидиму өз дәвридә кәң аброй қазанған еди. Униң бәстикарлиқ барисида яратқан “Ишрәт әңгиз” (Шатлиқ қозғиғучи) муқами заманисиниң мәшһур әсәрлиридин һесаплинатти. Шеирийәт саһисидиму нурғунлиған ғәзәлләр йезип, “Девани Нәписий” топлимини тузиду. У яшлиғидин Навайи, Фузулий, Зәлилий кәби мәшһур шаирларни өзиниң устази супитида қарайду. Уларниң әсәрлирини кунт билән үгиниду.

Муқамшунас Әмәтжан Әхмидий өзиниң “Уйғур муқамлири тоғрисида” дегән китавида Аманнисаханниң паалийитигә шундақ тәрип берип өтиду: “Аманнисахан сәрадин йетишип чиққан наһайәттә зерәк, қабилийәтлик, ишчан, ақ көңүл қиз еди. Кичигидә аниси ағриқтин вапат әткәндин кейин, өйниң барлиқ йүмүшлири униңға қалиду. У дайим аилисиниң ишлиригә ярдәм қилатти. Бош вақитлирида Навайи, Бабур қатарлиқ шаирларниң шеирлирини оқатти. Сатар, тәмбур, қалун челишта камаләткә йәткән еди. Долан муқамлирини толуқ егәлләп, өзи мустәқил ижра етидиған сәвийәгә егә болиду. У 14 яшқа киргәндә Он икки муқамдин бир қанчә муқамни толуқ өзләштуруп алиду. Бу чағда Аманнисахан өзиму шеир йезишқа киришкәнлиги үчүн, муқам текстлирини хатирҗәм мулаһизә қилишқа башлайду. Мана шу чағда мәшһур музикичи вә шаир Юсуп Қидирханму Маһмут акиниң алдиға келип турар еди. Юсуп Қидирхан билән Маһмут акиниң муқамни сақлап қелиш вә тикләш тоғрисидики пикирлири Аманнисаханда муқамни йеңи йолға селиш туйғусини охитиду. Аманнисахан бу вақитқа кәлгәндә камаләткә йәткән музикичи, маһир хәттат вә иқтидарлиқ шаирә супити билән муқамни тикләш вә ижадий бейитиш йолида издинишгә киришти” .

Аманнисахан 14 яшқа киргәндә, һаятида чоң өзгириш садир болиду. Яркәнд султани Абдурешитхан билән тәсадипий учришиш униң һаятини пүтүнләй өзгәртиветиду. Султан Абдурешитхан өзи хәлиқпәрвәр, адаләтпәрвәр инсан болғанлиғи үчүн хәлиқ һаяти билән, уларниң яшаш тәрзи билән даимий рәвиштә қизиқип яшайду. Әмәлдарлар тәрипидин елип келиниватқан, хәлиқ һаятиниң “наһайәттә яхшилиғи” тоғрисидики сахта хәвәрлири көңлини қандирмиғанлиғи үчүн, у өз көзи билән уларниң һаятини үгиниш мәқситидә аддий пухра қияпитидә адәмләр арисигә кирип бариду, уларниң әһвалини билишкә һәрикәт қилиду.

Аманнисахан вә Абдурешитханларниң учришип қелиши тоғрисида хәлиқ ичидә шундақ һекайә кәлтүрилгән. Күнләрниң биридә Султан Абдурешитхан Яркәнд дәрияси бойлап жүргән кезидә кәч чүшүп қалиду. У өз вәзири билән биллә шу йәрдә бирәр бир ханиданда қонуп келишни мәқсәт қилиду. Кочиларниң биридин өтүп кетиветип, бир өйниң ичидин аҗайип музика садасиниң яңриватқанлиғи уларниң диққитини өзигә тартиду вә келиватқан бу музикиниң сеһридин Абдурешитхан вә униң һәмрайи лал болуп қалиду. Музикиниң өтә сеһирлик күчи уларни шу ханиданға киришкә чарлайду. Ханиданниң ишигини тақиллатқанлирида уларни отунчи Маһмут илиқ тәбәссум билән күтүп алиду вә дәстиханға тәклип етиду. Абдурешитхан сайипхандин һал - әһвал сориғандин кейин, һазир шу өйдин аҗайип бир күй тарилғинини вә униң ижрачиси ким екәнлиги билән қизиқиду. Отунчи Маһмут ушбу күйни қизи Аманнисахан ижра әткәнлигини ейтиду. Буниңға бираз шүбһиләнгән Абдурешитхан Маһмут отинчидин қизиниң бирәр күй ижра етип беришини илтимас қилиду. Маһмут қизини чақириду вә меһманларға музика челип беришини сорайду. Қизни көрүп Султан Абдурешитханниң хәйрити йәниму ашиду, яшла қизчақниң сатарда аҗайип күй челип, ғәзәл оқиғини уни өзигә мәптун етиду.

Аманнисахан уйғур хәлқиниң пәхри болған муқамлардин ижра етишқа башлайду. Қизниң ижрачилиқ маһарити, өзини тутиши, язған ғәзәллириниң наһайәттә нәпислиги Абдурешитханни бепәрқ қалдурмайду. Ушбу ғәзәл сөзлириниң үнчә – маҗандәк сап қилип терилгәнлигигә тәсәнналар ейтқан Абдурешитхан, шеир муәллипи билән қизиқиду. Қиз ғәзәлни өзи ижат қилғанлиғини ейтқинида, у бу қизға пүтүнләй ашиқу-бекарар болуп қалиду. Амма Абдурешитхан Аманнисаханниң өзи шундақ гөзәл шеирлар пүтишигә ишәнч һосул қилиш мәқситида, шу анниң өзидила бирәр мисра шеир йезип бекишини илтимас қилиду. “Таварихи мусиқийүнда” ейтилишичә, бу илтимастин көңли рәнҗигән Аманнисахан шундақ мисралар арқилиқ җавап қайтуриду:

***Я рәб бу бәндә қилди әҗәб суизән маңа,***
***Гүё бу өйгә унди бу охшам, тикән маңа.***
***Мәъниси шуниңдин ибарәт:***
***Худа, бу бәндә маңа толиму гуманлиқ көздә қариди.***
***Гоя бу өйдә бүгүн ахшам мән үчүн бир тикән унди.***

Бу мисрадин кейин Абдурешитхан өзиниң ейтқан сөзидин хиҗаләт чекип, Аманнисахандин үзүр сорайду. Султан Абдурешитхан аҗайип кәйпийәт билән сарайиға қайтудидә вә тез арида отунчи Маһмутниң өйигә әлчиләрни әвәтиду.

Аманнисаханниң Султан Абдурешитханға турмушқа чиқиши, балилиғидин арзу қилған ишини әмәлгә ашуруш үчүн яхши имканийәтләр ишигини ечип бериду. Аманнисахан балилиғидин уйғурларниң һәр йәрләрдә тарқилип ятқан муқамларини жиғип, топлашни арзу қилатти. Өз устази, мәшһур муқамчи Қидирхан Яркәндий билән биллә хәлиқ арисигә кирип, муқамларни топлашқа қарар қилиду. Буниң нәтиҗисидә Яркәнд тәвәсидики көплигән шәһәр вә йезиларни арилап, мәшһур муқам ижрачилирини тепип, улардин муқамларниң нәмунилирини жиғишқа башлайду.

Аманнисахан оттуз төрт йешида, пәрзәнтини дунияға кәлтүриветип вапат болиду. У қисқа өмүр көришигә қаримай, уйғур хәлқи үчүн пүтмәс-түгимәс мирас қалдуруп кәтти. Униң вәтәнпәрвәрлиги, милләтпәрвәрлиги, шундақла елип барған мәрданивар паалийити, кейинки әвлатлар үчүн йүксәк нәмунә супитида тарихта мөһүрлинип қалиду.

***Әкрәм Һашимов,***
*Өзбәкстан Дөләт консерваториясиниң доценти*



Йеқинда Өзбәкистан, Қирғизстан вә Қазақстан уйғур жамаәтчилиги чоң жудаликқа учриди. 2021-жили, 9-июль күни Өзбәкистан уйғур мәдәнийәт мәркизиниң рәиси **Һәлимә Баһавуддин қизи Баратова** дуния дин қайтти. Һәлимә Баһавуддин қизи 1952-жили Уйғуристанниң Ғулжа шәһиридә туғулған.

1962 жили ата-аниси билән Қазақстанға көчүп келиду. 1973 жили Ташкәнттики кооператив техникумини пүтириду. У 1975-78 жиллири Алмутида ишләп жүргән чағлирида Ташкәнт хәлиқ егилиги институтини сирттин оқуп, алий мәлуматлиқ мутәхәссис болуп йетишиду. 1978-95 жиллири «Өзбәкстан мевә вә сәвзават ишлап чиқириш комбинатида» чоң сетикчидин дукан мудири лавазимиғича ишләп паалийәт көрситиду. 1995-жили Ташкәнт шәһиридә хусусий карханисини тәшкил қилиду. 2005-жили Сирдәрия вилайитидә «Муқәддәс бунияткар ишәнч» ширкитини тәшкил қилиду.

2011-жили у көпчилик аваз билән Ташкәнт шәһәр уйғур мәдәний мәркизиниң рәиси, 2016 жилдин бери Өзбәкистан Республикиси Уйғур мәдәний мәркизиниң рәиси болуп сайлиниду. У мәркәзниң барлиқ тәдбирлиридә паал иштирак етип, уларни маддий тамандин қоллап-қувәтләп кәлгән. Һәлимә Баратованиң тәшәббуси вә қоллиши билән нурғун мәдәнийәт вә маарип паалийәтлири көп жиллардин буян тәшкиллинип вә жуқури сәвийәдә өткүзүлүп кәлди. У йәнә Өзбәкистандики милләтләрара инақлиқни, шундақла уйғур әнъәнисини вә мәдәнийитини хәлиқара жәмийәткә тәшвиқ қилиш ишлирида көп күч чиқарди. Бу паалийәтлири үчүн Һәлимә Баратова 2009-жили «Бу жилқи мәнивийәтниң әң актив тәшвиқатчиси» мусабиқисида чемпион болуп, Жумһурийәт роһи вә мәрипәт кеңишиниң алаһидә дипломиға еришиду.

Шундақла, Баратованиң тәшәббуси билән қийинчилиғи бар аилиләр, ялғуз яшанғанлар вә мейипларға хәйир-сахавәтлик ярдәмлири көрситилди.2020-жилидики COVID-19 тарқилиши мәзгилидә 100 артуқ аилиләргә ихтисадий ярдәм көрситилди.

Ахирқи жилларда Қирғизстан вә Өзбәкистан уйғур мәдәнийәт мәркәзлириниң өз ара алақилирини мустәһкәмләштә Һәлимә Баратованиң паалийити чоң. У нәччә кетим бизниң «Иттипақ» мәдәний мәркизимизниң һөрмәтлик меһмини болған.

***Һәлимә Баһавуддин қизи Баратованиң***

вапат болуши мунасивәт билән мәрһумәниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә изһар қилимиз.

Мәрһумәниң ятқан йери жәннәттә болсун. Амин.

**Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң рәиси Әскәр Қасими**

## ***Әлвидә вәтәнпәрвәр дост***



2-июль күни Қазақстан, Алмута шәһириниң «Дружба» мәһәллисиниң турғуни **Һөсәнжан Һасан оғли** Түркияниң Стамбул шәһиридә вапат болди. Һөсәнжан Һасан оғли 1943-жили вәтинимиз Уйғуристанниң Или вилайити, Чапчал наһийәсиниң Жағистай йезисида туғулған. 1962-жили аилиси билән дәсләп Яркәнт шәһиригә, кейин Өзбәкистанниң «Пахта-Арал» наһийәсигә, 1966-жилидин тартип Алмута шәһириниң «Дружба» мәһәллисигә көчүп келип орунлашқан. Һөсәнжан қурулуш мәһкимилиридә ата кәспи яғашчилиқ билән һаят кәчүргән.

Уйғуристан азатлиқ тәшкилати 1991-жили Қазақстанда, 1992- жили Қирғизстанда униң шөбиси қурулди. Һөсәнжан Уйғуристан азатлиқ тәшкилатиниң барлиқ иш-паалийәтлиригә вә һәрикәтлиригә активлиқ билән қатнишип кәлгән.

Һөсәнжан 1994-жили марттин башлап Қирғизстанда чиқишқа башлиған «Иттипақ» гезитиниң жанкөйәридур. У «Иттипақ» гезитиниң биринчи санидин башлапла бүгүнгичә «Дружба» мәһәллисидә гезиткә муштири топлаш вә уни тарқитиш ишлирини вә ахирқи жиллири «Иттипақ» гезитини Алмута вә униң әтрапидики йезиларға тарқитип кәлди. Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» жәмийити Һөсәнжанниң бу алийжанаб хизмәтлирини жуқири баһалап, уни бир нәччә кетим тәшәккурнамә, маддий мукапатлар вә «Еһсан» медали билән тәқдирлигән.

***Һөсәнжан Һасан оғлиниң***

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

Мәрһумниң ятқан ятқан жайи жәннәттә болсун. Амин.

**Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» жәмийити.**



Бишкәк шәһири, Төкүлташ мәһәллисиниң турғуни
**Әркин Мәһәммәтжан оғли**
73 йешида вапат болди
Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, урук – туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.Мәрһумниң ятқан жайи жәннәтә болсун. Амин.

**Төкүлташ мәһәллисиниң уйғур жамаити**



Чүй вилайити, Аламедин наһийәси, Лебединовка йезисиниң турғуни
**Ибраһим Жамалдин оғли**
66 йешида вапат болди. Мошу мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға қайғуруп тәзийә билдүримиз.

**Лебединовка йезисиниң уйғур жамаити.**



Чүй вилайити, Аламедин наһийәси, Лебединовка йезисиниң турғуни
**Сәләйдин Ибраһим оғли**
дуниядин кәйтти.
Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, урук – туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.Мәрһумниң ятқан жайи жәннәтә болсун. Амин.

**Лебединовка йезисиниң уйғур жамаәтчилиги**

www.uyghurkitap.com



# «Уйғур әдәбиятидики шеирийәт тоғрисида» намдики китап Истанбулда нәшир қилинди

«Уйғур әдәбиятидики шеирийәт тоғрисида» намлиқ бу китапқа уйғур әдиблириниң миллий азатлиқ йолида елип барған қәләм вә әләм күрәшлири, хәлиқни һөрлүккә чақирип шеир язған шаирлар вә уларниң шеирлиридин бир қисим арийәләр таллинип киргүзүлгән.

Бу китапни һазир Истанбулда яшаватқан профессор Султан Маһмут Қәшқәрли әпәнди нәширгә тәйярлиған болуп, «Тәклимакан» уйғур нәшрияти нәшир қилған.

Бу китап 9 бап, 472 бәттин тәркип тапқан болуп, китапниң кириш қисмида уйғур әдәбий тили вә шеирийитиниң алаһидиликлири, асасий хусусийәтлири, шеирниң түзүлүши вә түрлири тоғрисида чүшәнчә берилгән. Шуниң билән биргә китапта йәнә шаир вә шеирниң әһмийити, шундақла хәлиқни һөрлүккә үндәш в күрәш қилиш йолида көрсәткән иҗабий тәсири һәм роли тоғрисида баян берилгән.

Биз бу китап тоғрисида пикир-қарашлирини елиш үчүн китапниң муәллипи,



профессор Султан Маһмут Қәшқәрли билән сөһбәт елип бардуқ. У бу китапни уйғур яш шеирийәт һәвәскарлириниң пайдилинишини көздә тутуп язғанлиғини билдүрди.

Бу китапта уйғур хәлқиниң йеқинқи заман шаирлиридин Абдухалиқ Уйғур, Абдуқадир Дамолла, Нимшеһит, Абдурреһим Өткүр, Лутпулла Мутәллип, Абдуләзиз Мәхсум, Турғун Алмас, Ибраһим Турди қатарлиқ шаирларни вә уларниң хәлиқни қәләм вә әләм билән күрәш қилишқа үндәп язған бир қисим шеирлиридин үлгә көрсәткән.

Султан Маһмут Қәшқәрли уйғур шаир вә әдиблириниң хәлиқни күрәшкә чақирип язған әсәрлири тоғрисида тохтилип мундақ деди: «Тарихқа нәзәр салидиған болсақ, вәтинимизни манжу-хитай басқунчилири бесивалғандин кейин талай оғул-қизлиримиз дүшмәнгә қарши вәтәнни қоғдаш йолида өз җанлиридин кәчти Хәлқимиз басқунчиларға қарши күрәштә қәләм вә әләм күришидин ибарәт икки өткүр қурал арқилиқ җәң қилди. Қәләм күриши әләм күришигә түрткә вә күчлүк ярдәмчи сүпитидә хизмәт қилған болса, әдиблиримиз, шаирлиримиз вәтәнпәрвәрлик тоғрулуқ нурғун мунәввәр әсәрләрни яритип, хәлқимизниң зор дәрижидә мәнивий вә роһий ойғинишқа түрткә болди. Яш әвлатларни күрәшкә дәвәт қилди. Хәлиқни вәтәнни қутқузушқа чақирди». Мәзкур китапта мәрһум шаир Абдуләзиз Мәхсумниң хитай мустәмликчилириниң Шәрқий Түркистанни бесивелип, зулум зинданиға айландуруп қойғанлиғини, хәлиқни еғир азап-оқубәткә гириптар қилғанлиғини ипадиләп язған төвәндики шеирини үлгә қилип көрсәткән:

*Көйүп һәсрәт отида аһ урун,*
*йәп қайғу-гәмләрни,*
*Кәчүрдуқ башимиздин түрлүк*
*дәрду-әләмләрни.*
*Вәтән, милләтни шум*
*басқунчиларға тартқузуп қойғач,*
*Чәктуқ хару-зарлиқта азап,*
*зулмәт-ситәмләрни.*

**Арслан**

# «ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى» ناملىق كىتاپ نەشر قىلىندى

تارىخ پەنلىرى دوكتورى نەبجان تۇرسۇننىڭ «ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى» ناملىق 12 توملۇق زور ھەجىملىك ئەسىرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»گە مۇناسىۋەتلىك ئۈچىنچى قىسمى نەشردىن چىقتى.

دوكتور نەبجان تۇرسۇننىڭ «ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى» ناملىق يۈرۈشلۈك ئەسەرلىرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» توغرىسىدىكى 1 ـ، 2 ـ قىسىملىرى — ئومۇمىي 7 ـ، 8 ـ توملىرى ئۆتكەن يىلى (2020) نويابىردا ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى. بۇ قېتىم مەزكۇر ئەسەرنىڭ 1944 ـ يىلىدىكى جۇمھۇرىيەتكە ئالاقىدار 3 ـ قىسمى نەشر قىلىنىپ، ئىستانبۇلدىكى تەكلىماكان كىتابخانىسىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ياۋرو ـ ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا شانلىق قەدىمىي مەدەنىيەت ۋە دۆلەتچىلىك ئەنئەنىلىرى ياراتقان تۈركىي خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن كۆپ ئەسىرلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تارىخى مۇساپىلىرى ئىككى ئەسىردىن بۇيان دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن زور ساندىكى ئەسەرلەرنىڭ، جۈملىدىن مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى، شەرقىي تۈركىستان تارىخى ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولغان بولسىمۇ، ئەمما تېخى ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە بولغان بارلىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى مۇپەسسەل يورۇتۇپ بېرىدىغان «ئومۇمىي تارىخى» مەيدانغا كەلمىگەنىدى. دوكتور نەبجان تۇرسۇن ئۆزىنىڭ 30 يىلغا يېقىن جاپالىق ئىلمىي ھاياتىنى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل ـ ئىدرىكىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە 12 توملۇق «ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى»دىن ئىبارەت زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈرۈش ئارقىلىق بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ خەلقىمىزگە تەقدىم قىلدى. قولىمىزدىكى بۇ كىتابلار: يەنى 5 توملۇق «شەرقىي تۈركىستان



جۇمھۇرىيىتى ئومۇمىي تارىخى» ئەنە شۇ «ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى»نىڭ تەركىبىي بىر قىسمى بولۇپ، بۇنىڭدا 1943 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئائىت پۈتۈن جەريانلار، بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي، سودا ـ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا بارلىق دۆلەتچىلىك ئۆزگىچىلىكلىرى ئورگىنال ھۆججەتلەر ۋە ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مول ئۇيغۇر مەنبەلىرى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ ساندىكى ئىلگىرى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇلغان ئارخىپ ھۆججەتلىرى، ئامېرىكا، تەيۋەن ئارخىپلىرى شۇنىڭدەك ھازىرغىچە دۇنيادا ئېلان قىلىنغان رۇسچە، ئىنگلىزچە، خىتايچە ۋە باشقا تۈركىي تىللاردىكى ھەر خىل ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا تەپسىلىي يورۇتۇلغان. بولۇپمۇ ئاپتور شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىچكى سىرلار، خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈش ۋە باشقا نازۇك، ئېنىقسىز تەرەپلەرنى يورۇتۇشتا ئۆزىنىڭ 1990 ـ يىللاردا موسكۋادا دوكتورلۇق ئۇچۇن ئوقۇش جەريانىدىن تارتىپ توپلاپ كەلگەن كۆپ ساندىكى سوۋېت ئارخىپلىرىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى تۇنجى قېتىم باشقا مەنبەلەر شۇنىڭدەك نەچچە ئونلىغان جۇمھۇرىيەت شاھىتلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلغان. مەزكۇر 5 توملۇق «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئومۇمىي تارىخى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى ـ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى تولۇق چۈشىنىشى، بىلىشى ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇشىنى تەمىن ئېتىدۇ.

ھازىرغىچە بىر قىسىم ئەللەردە مەزكۇر دەۋرگە ئائىت مەلۇم ساندا مەخسۇس ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما دوكتور نەبجان تۇرسۇننىڭ بۇ ئەسىرى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۈچلۈك ئاكادېمىك تارىخشۇناسلىق مېتودولوگىيەسىگە تايانغان ئەڭ تەپسىلىي، ئەڭ تولۇق، ئەڭ مۇكەممەل، كۆپ مەنبەلىك ئىلمىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ئېھتىياجىدىن چىقىش قىلىپ مەزكۇر جۇمھۇرىيەت دەۋرى قىسمىنى ئالدى بىلەن نەشر قىلىپ، باشقا توملارنىمۇ ئارقىمۇئارقىدىن ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا تەقدىم قىلىش قارار قىلىندى.

12 توملۇق «ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى» نىڭ 5 توملۇق «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئومۇمىي تارىخى»قىسىملىرى نەشر قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىنلا قالغان توملىرىنىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش پىلانلانماقتا.

**ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى**